بسم الله الرحمن الرحیم

مۇھەممەد يۇسۇپ

## پەرزەنتلەرگە ئۆگىتىشكە تېگىشلىك

# 100 ھېكمەت

— ھەربىر ئائىلە ئۈچۈن زۆرۈر ئوقۇشلۇق —

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

• شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەۋسىيە قىلغان ئەسەر •

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرىنى بەرگەن قېرىندىشىمىزنىڭ سەدىقە جارىيەسىنى مەرھۇم ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن قوبۇل قىلىشىنى جانابى ئاللاھتىن تىلەيمىز.

# پەرزەنتلەرگە ئۆگىتىشكە تېگىشلىك 100 ھېكمەت

ÇOCUKLARA ÖĞRETILMESI GEREKEN 100 ÖĞÜT

١٠٠ حكمة يجب تعليمها للأبناء


| | |
|---|---|
| مۇھەممەد يۇسۇپ | محمد يوسف محمد تورسون |
| 2026-يىلى سېنتەبىر | ١٤٤٨هـ ربيع الآخر |
| بىرىنچى نەشرى | الطبعة الأولى |
| شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى | اتحاد علماء تركستان الشرقية |
| لايىھە: ئا. ئاقھۇن | تصميم: ع. آقهون |

ISBN: 978-625-92504-2-7

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇلدىكى ھەر قايسى كىتابخانىلاردا تارقىتىلىدۇ

ئىستانبۇل-تۈركىيە

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ......... 7
1. ھەر مۇسىبەتتە بىر خەيرلىك بار ......... 9
2. ئاللاھقا ئىشىنىڭ! ......... 11
3. تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولغان ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغان ئىشلاردۇر ......... 14
4. مېھىر – شەپقەتنىڭ باھاسى يوق! ......... 16
5. شىرەدەك ياشاڭ ......... 19
6. سىز ئاللاھتىن رازى بولمىسىڭىز، ئاللاھ سىزدىن قانداق رازى بولسۇن! ......... 21
7. ئىمام ئەزەم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ئاتېئىستلار ......... 23
8. باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش كاتتا ئىبادەتتۇر ......... 25
9. ئەقىللىق بالا ......... 29
10. دۇنيادا دۆت ئادەم يوق ......... 32
11. نېمەت شۇكۇر قىلىش بىلەن ئاشىدۇ، تۇزكورلۇق بىلەن يوقىلىدۇ ......... 34
12. دەردىڭىزنى ئاللاھ تائالاغا تۆكۈڭ ......... 36
13. سائادەت بېغىشلاشتىن كېلىدۇ ......... 38
14. ئاللاھتىن تىلىسىڭىز سۆيۈنىدۇ، بىرىدۇ. .................. بەندە ئۇنداق ئەمەس ......... 40
15. خۇشال بولاي دېسىڭىز، باشقىلارنى خۇشال قىلىڭ ......... 42
16. ئاللاھنىڭ ئىبادەتكە مۇۋەپپەق قىلغانلىقى ياخشى

كۆرگەنلىكىدۇر ..... 44
17. يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام ..... 46
18. ئەخلاقسىزلىق قانداق نورماللىشىدۇ؟ ..... 48
19. زىيانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ، ۋاقىتنىڭ
ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ ..... 51
20. كىشىلەرگە كەچۈرۈمچان بولۇشقا چاقىرىدىغان
كەچۈرۈملۈك قىلىدۇ ..... 53
21. بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانى كۆرگىلى بولمايدۇ ..... 55
22. ئۆلتۈرمىگەن ئازاب كۈچلەندۈرىدۇ ..... 57
23. نادان بىلەن تەڭ بولۇش نادانلىقتۇر ..... 59
24. توپا باسقان قۇرئان ..... 61
25. سەدىقە بالانى يەر، تەۋبە گۇناھنى يەر ..... 63
26. پىسخىك كېسەللىكلەرنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىسى
ئاللاھنى ئەسلەشتۇر ..... 65
27. ئامانەتنىڭ چوڭ - كىچىكى يوق ..... 67
28. ناشۈكۈرلۈك ئازابتۇر ..... 69
29. قاقشاشتىن چارە ئىزدەش ئەۋزەل ..... 71
30. ئەخلاق خىلۋەتتە ئۆلچىنىدۇ ..... 73
31. گۇمان ئىماننى قاچۇرار ..... 76
32. ئالتۇننىڭ قىممىتىنى زەرگەر بىلىدۇ ..... 78
33. بەزى مۇسىبەتلەرمۇ نېمەتتۇر ..... 80
34. ئەڭ قىيىن سىناق ئىمان سىنىقىدۇر ..... 82
35. دۇنيادا سىزدىن ئاران بىرسىلا بار ..... 86
36. باشقىلارنى كەچۈرسىڭىز، ئاللاھ سىزنى كەچۈرىدۇ ..... 89
37. قولىڭىزدا بارنى قەدىرلەڭ ..... 91
38. باشقىلارنى ئۆزىڭىزگە ئەينەك قىلىۋالماڭ ..... 93

39. قەدىرلىگەن كۆتۈرسىڭىز، ھەقىقەتەن گۈزەلسىز ................. 95
40. ھەممىلا ئادەمنى رازى قىلىش مۇمكىن ئەمەس ..................... 97
41. باتۇرلۇق بىلەن قارامىلىقنىڭ پەرقى ......................................... 100
42. ھەممىلا ئادەم مۇھىم ............................................................. 102
43. مەغرۇرلۇق قارماققا ئىلىنغان بېلىقنىمۇ قاچۇرۇپ قويىدۇ ............................................................................ 105
44. ئاللاھ ئۈچۈن ۋاز كەچكەن كىشى تېخىمۇ ياخشىسىغا ئېرىشىدۇ ...................................................................... 107
45. ھۇزۇرىڭىزنى بۇزۇشقا يول قويىماڭ ...................................... 109
46. ئازابلانماي دېسىڭىز، كۆڭلىڭىزنى كەڭ تۇتۇڭ .................. 111
47. ياردەم قىلىش ياخشى ئىش، يولى بىلەن قىلىش تېخىمۇ ياخشى ئىش .................................................................. 114
48. باشقىلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئارزۇيىڭىزدىن ۋاز كەچمەڭ .......................................................................... 117
49. نادان ئادەم قولىدىكى گۆھەرنىمۇ بىلمەيدۇ ............................ 119
50. مىننەتسىز ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى كاتتا بولىدۇ .................. 121
51. تۆكۈلگەن سۈتكە قايغۇرماڭ ................................................. 123
52. ۋاز كېچىش ئەڭ ئاسان ئىش ................................................... 125
53. قولىنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايماندۇر127
54. ھاياتىڭىزدىكى چوڭ تاشلارنى ئۇنتۇماڭ ............................... 129
55. ئادەت خاراكتېرلىك قاتمال تەپەككۇردىن ھالقىڭ ................ 131
56. نەزەر دائىرىڭىزنى كېڭەيتىڭ ................................................. 134
57. باشقىلار نېمە دېسە دېسۇن، يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ ............ 136
58. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى ئىزچىللىقتۇر ................................ 138
59. مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ۋاز كېچىش ..... 141
60. ئۆز چىرىغىڭىزنى ياندۇرۇڭ .................................................. 144
61. كىچىك ئىشلاردىن خۇشاللىق تېپىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ... 146

62. ئالدىنى ئېلىش پۇشايماندىن ساقلاپ قالىدۇ........................148
63. غەپلەت ئادەمنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ چاغلىرىدۇر........................150
64. ئەپۇ قىلىش كۈچلۈكلەرنىڭ خىسلىتىدۇر........................152
65. ئۆزرىخاھلىق ئېيتىش پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ئادىتىدۇر........................155
66. ئاللاھقا ۋەسىلە قىلغۇدەك ئەمەلىڭىز بارمۇ؟........................157
67. ئاۋۋال كاللىڭىزنى ئازاد قىلىڭ!........................160
68. باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى يىقىتىشنىڭ ھاجىتى يوق........................163
69. ئاللاھ تائالا كۆرمەيدىغان جاي يوق........................164
70. يامان سۆز يۈرەككە سانجىلغان خەنجەردۇر........................166
71. سەمىمىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كاپالىتىدۇر........................168
72. دۇئا ئېلىشمۇ دۇئا قىلىشقا ئوخشاشلا مۇھىم........................170
73. سەلبىي ئۇچۇرلارغا قۇلاق سالماڭ........................173
74. ياخشىلىق ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ........................175
75. ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش رىزىقنى كۆپەيتىدۇ........................177
76. كۈننىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋاقتى سەھەر ۋاقتىدۇر........................180
77. ھالالدىن يېسىڭىزمۇ، ھارامدىن يېسىڭىزمۇ رىزقىڭىزنى يەيسىز........................183
78. قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ........................186
79. ۋەتەنپەرۋەرلىك پېداكارلىق تەلەپ قىلىدۇ........................188
80. ئەڭ ياخشى مىراس تەقۋادارلىقتۇر........................191
81. ھاياتتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك سۇغۇرتا ئىستىقامەتتۇر........................194
82. ئاللاھ تائالا ھەممە ئۇچارلىقنىڭ رىزقىنى بېرىدۇ، ئەمما ئۇۋۇسىغا تاشلاپ بەرمەيدۇ........................196
83. ئۆزىڭىزنى پەقەت ئۆزىڭىزلا قۇتقۇزالايسىز........................198
84. چىرايلىق سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ........................201

85. ئەمەل - ئىبادەتنى قىلىپ قويۇشلا يېتەرلىك ئەمەس، ئۇنى ساقلاپ قېلىش مۇھىم ........ 203
86. ئەقىدە مەنپەئەتكە باغلانغان چاغدا، ئۇ ئۆز كۈچىنى يوقىتىدۇ ........ 205
87. باشقىلارنى دورىماڭ! ........ 208
88. ياخشىلىق قىلىش ئادىمىيلىكتۇر ........ 210
89. تەقۋالىق بارلىق قىيىنچىلىقلاردىن چىقىش يولىدۇر ........ 212
90. خىلۋەت سىزنى يا كۆتۈرىدۇ ياكى ھالاك قىلىدۇ ........ 216
91. ھارامدىن ھۇزۇر ئىزدىگەن كىشى ھۇزۇردىن مەھرۇم بولىدۇ ........ 218
92. ئازابنى كۈچكە ئايلاندۇرۇڭ! ........ 221
93. ھەسەتخور ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەپ بولسىمۇ ھەسەت قىلىدۇ ........ 223
94. ئۈمىد رىتسىپى ........ 225
95. ئېگىزدە بولسىڭىز، بوران - چاپقۇنغا تەييار تۇرۇڭ ........ 228
96. قىيىنچىلىق يېڭىشىڭىزنى كۈتىدۇ ........ 230
97. قېرىنداشلىق مېھرى ........ 232
98. باشقىلارنى خۇشال قىلىش كاتتا ئىبادەتتۇر ........ 235
99. كاللىڭىزدىكى زەھەرنى تازىلاڭ! ........ 237
100. ئارزۇلىرى كىچىكنىڭ ئېرىشىدىغىنىمۇ كىچىك بولىدۇ ........ 240
ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە ئېيتىلىدىغان سۆزلەر ........ 243
ئەتىگەن - ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار ........ 248
ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار ........ 254

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى كۆيۈمچان، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

## مۇقەددىمە

ئەڭ گۈزەل ماختاشلار ۋە ئەڭ مۇكەممەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە رەببى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئۇنىڭغا چىن قەلبىمدىن ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. بىزلەرگە ھەق دىننى يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرىدىغان مۇئمىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەت تىلەيمەن.

پەرزەنت ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ ئامانىتى ۋە كاتتا نېمىتىدۇر. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئىمانلىق ۋە ئەخلاقلىق تەربىيەلەپ چىقىشقا مەسئۇل. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئاقىۋىتىگە جاۋابكار بولۇپ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، ھاياتتا ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىگە بېرىدىغان ئەڭ چوڭ سوۋغىسى ۋە ئەڭ قىممەتلىك مىراسى ئۇلارنى قەلب رىشتىسى ئاللاھ تائالاغا تۇتاشقان، ئەخلاقلىق ۋە دىيانەتلىك ئەۋلاد قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر.

كېلەچىكىمىزنىڭ پارلاق يۇلتۇزلىرى بولغان ئەزىز پەرزەنتلىرىمىزگە، ھەتتا ھەربىر ئائىلىگە پايدىلىق بىرەر ئەسەر سۇنۇش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ئاخىرى پەرزەنتلەرگە بىلدۈرۈش زۆرۈر بولغان ھېكمەتلەردىن «100 ھېكمەت»نى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ

ھەربىرىنى بىردىن قىسسە بىلەن بايان قىلىشنى لايىق كۆردۇق. چۈنكى، قىسسە ئوي-پىكىرنى ئەڭ تەسىرلىك ۋە ئەستە قالىدىغان شەكىلدە بايان قىلىشنىڭ ئۇسۇلىدۇر. قىسسىنىڭ تەسىر كۈچى شۇ قەدەر كۈچلۈككى، ئاڭلىغان ياكى ئوقۇغان ئادەمنى داۋامىغا قىزىقتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇش دەرىجىسىگە ئېلىپ كېلىدۇ، چوڭ - كىچىك ھەممىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ. قىسسە ئارقىلىق تەربىيەلەش قۇرئان كەرىم كۆپ قوللانغان تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۈچتىن بىرىنى قىسسىلەر تەشكىل قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپلىگەن گۈزەل ئەخلاقلارنى قىسسىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرگەن.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنى ئىبرەت ۋە دەرس سۈپىتىدە تەرىپلەپ: **«ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار»**[1] دېگەن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: **«تەپەككۇر قىلىپ چۈشىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا قىسسىلەرنى بايان قىلىپ بەرگىن»**[2] دەپ ئەمر قىلغان.

بۇ ئەسەرنىڭ ھەربىر ئائىلىدە بولۇشىنى ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە ئوقۇپ پايدىلىنىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئاددىي ئەمگەكنى خەلقىم ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى، ئۇنىڭ ئەجىر - ساۋابىدىن پېقىرنى ۋە ئاتا - ئانامنى بەھرىمەن قىلىشىنى تىلەيمەن.

ـــ مۇھەممەد يۈسۈپ

ھىجرىيە 1448 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 6 - كۈنى،
مىلادىيە 2026 - يىلى 21 - ئىيۇن.
ئىستانبۇل ــ تۈركىيە

[1] يۇسۇف سۈرىسى، 111 - ئايەت.
[2] ئەئراف سۈرىسى، 176 - ئايەت.

# 1. ھەر مۇسىبەتتە بىر خەيرلىك بار

بىر كىشى ئوغلى بىلەن شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يۈك - تاقلىرىنى ئېشەككە ئارتىپ، يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز ئېشەكنىڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىپتۇ. ئاتا ئوغلىغا:

– ئاللاھ بىزنى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بالادىن ساقلاپ قالغاي، – دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئېشەكنى تاشلاپ، يۈك - تاقلىرىنى ئۆزلىرى يۈدۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەمنىڭ پۇتى يارىلىنىپ، سۆرەپ ئاران ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئادەم يەنە ئوغلىغا قاراپ:

– ئاللاھ بىزنى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بالادىن ساقلاپ قالغاي، – دەپتۇ. ئوغۇل ئاتىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، كۆڭلىدە:

– بۇنىڭدىنمۇ چوڭ يەنە قانداق بالا بولغىيتى! – دېگەن خىيال بىلەن ئاتىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپ بىر يەرگە كەلگەندە، ئوغۇلنىڭ پۇتىنى يىلان چېقىۋېلىپ، يەرگە يىقىلىپتۇ. ئاتىسى:

– ئاللاھ بىزنى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بالادىن ساقلاپ قالغاي، – دەپتۇ. ئوغۇلنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

– بۇنىڭدىنمۇ چوڭ يەنە قايسى بالانى دەيدىغانلا ئاتا؟! – دەپتۇ. ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، مىڭ تەسلىكتە شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ ۋە شەھەردىكى ھەممە نەرسىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولغانلىقىنى

كۆرۈپ، ھەيران قاپتۇ. ئەسلىدە، ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كېلىشتىن بىرئاز بۇرۇن قاتتىق يەر تەۋرەپ، نۇرغۇن ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان ئىكەن. ئاتا ئوغلىغا قاراپ:

–ئى ئوغلۇم! ئەگەر بىز يولدا ھېلىقى مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىماي ۋاقتىدا شەھەرگە يېتىپ كەلگەن بولساق، بىزمۇ يەر تەۋرەشتە قازا قىلغان بولاتتۇق، ئاللاھ بىزنى ساقلاپ قالغان بالا راستتىنلا چوڭمىكەن؟ – دەپتۇ.

## ھېكمەت

ئىنسان ئېرىشكەن ھەرقانداق ياخشىلىق، پايدا-مەنپەئەت، خۇشاللىق ۋە بەخت-سائادەت ئاللاھ تائالادىن كەلگەندەك، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق زىيان-زەخمەت، كۆڭۈلسىزلىك ۋە مۇسىبەتلەرمۇ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن كېلىدۇ. مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىنساننى يىقىتىش ياكى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلمەيدۇ. بەلكى بەزىسى ئۇنى ئويغىتىش ئۈچۈن، بەزىسى يولىنى تازىلاش ئۈچۈن، بەزىسى بولسا ئۇنى سىناش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىسى ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقتۇر، ئۇ بەندىلىرى ئۈچۈن ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «**سىلەر بىر نەرسىنى يامان كۆرۈشۈڭلار مۇمكىن، ھالبۇكى، ئۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر؛ سىلەر بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈشۈڭلار مۇمكىن، ھالبۇكى، ئۇ نەرسە سىلەر ئۈچۈن يامانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.**»[1] دېگەن. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىر قىلغىنىغا رازى بولۇش ئىنساننى ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىدۇ ۋە كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدۇ.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 216 - ئايەت.

## 2. ئاللاھقا ئىشىنىڭ!

بىر جۈپ قەدىناس ئەر- ئايال بولۇپ، ئىجىل - ئىناق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى بىر - بىرىگە تامامەن زىت بولۇپ، ئەر ناھايىتى ئېغىر - بېسىق، ئوڭاي ئاچچىقلانمايدىغان؛ ئايالى بولسا ئېرىنىڭ ئەكسىچە، ئاددىي ئىشلارغىمۇ چېچىلىدىغان، سەپرا مىجەز ئايال ئىكەن. ئۇلار بىر كۈنى دېڭىز سەپىرىگە چىقىپتۇ. توساتتىن، قاتتىق بوران چىقىپ، كېمە قاتتىق تەۋرەنگىلى تۇرۇپتۇ. كېمىدىكى يولۇچىلار قورقۇنچ ئىچىدە ئالاقزادە بولۇپ كېتىپتۇ. ئايال بۇ دەھشەتلىك ئەھۋال ئىچىدە ئېرىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. قارىسا، ئېرى بىر چەتتە بەخىرامان ئولتۇرغۇدەك، ئايال قاتتىق غەزەپ بىلەن ئېرىگە ئېتىلىپ:

– ھەي! سىزنىڭ كېمىدە بولۇۋاتقان دەھشەتتىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ نېمانداق بىغەم ئولتۇرىسىز؟ – دەپ ۋارقىراپتۇ. ئېرى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

– بىلىۋاتىمەن. شۇڭا، سەۋەبلەر كارغا كەلمەيدىغان مۇشۇ لەھزىدە ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىۋاتىمەن دەپتۇ ۋە يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ، ئايالىنىڭ بويىنىغا توغرىلاپ تۇرۇپ:

– خەنجەردىن قورقامسەن؟ – دەپ قاتتىق ۋارقىراپتۇ. ئايال ئېرىگە قاراپ:

– ياق، قورقمايمەن! – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئېرى ئايالىدىن:

ــ نېمىشقا قورقمايسەن؟ ــ دەپ سورىشىغا، ئايالى دەرھال جاۋاب بېرىپ:

ــ چۈنكى، خەنجەر مەن ئىشەنچ قىلىدىغان ۋە سۆيىدىغان كىشىنىڭ قولىدا، ــ دەپتۇ. ئاندىن ئېرى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ــ مەنمۇ شۇڭا قورقمايمەن، چۈنكى بۇ قاتتىق بوران مەن ئىشەنچ قىلىدىغان ۋە مەن چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىدىغان بىر زاتنىڭ ئىلكىدە؟! ــ دەپتۇ.

## ھېكمەت

بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىز، تەقدىرىمىز، ھاياتىمىز ۋە ماماتىمىز چەكسىز قۇدرەتلىك، رەھىم -شەپقەتلىك بىر زاتنىڭ ئىلكىدە بولغان ئىكەن، بىز ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە قۇللۇق قىلساق، ئۇ بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خاپىلىقلىرىدىن، خەتەرلىرىدىن ساقلايدۇ. ئايروپىلان قاتتىق سىلكىنگەندە، ئايروپىلاندىكى مەسئۇللارنىڭ «قورقماڭلار، ئايروپىلان كونتروللۇقىمىز ئاستىدا» دېگەن سۆزىگە ئىشىنىپ خاتىرجەم بولىمىز ۋە يۈرىكىمىز جايىغا چۈشىدۇ ــ يۇ، ئاللاھ تائالانىڭ يۈزلەرچە ۋەدىسىگە ۋە **«كىمكى ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ»**[1]، **«كىمكى ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»**[2]، **«ماڭا دۇئا قىلىڭلار. مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن»**[3] دېگەن سۆزلىرىگە ئىشەنمىسەك بولامدۇ؟

تەقۋالىق ــ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ،

[1] تالاق سۈرىسى، 2 - ئايەت.
[2] تالاق سۈرىسى، 4 - ئايەت.
[3] غافىر سۈرىسى:-60ئايەت.

توسقانلىرىدىن دەرھال يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا مۇكەممەل ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھقا ئىشىنىش ـ ئۇنىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە ۋە ۋەدىلىرىگە ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر.

## 3. تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولغان ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغان ئىشلاردۇر

بىرى بەش ياشتا، يەنە بىرى يەتتە ياشتا ئانىسىدىن يېتىم قالغان ئىككى قېرىنداش ئانىسىنى بەكمۇ سېغىناتتى. ئۇلار بىر كۈنى دادىسى بىلەن قوي باققىلى چىقىدۇ. ئۇلار كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان تورنىلارغا قاراپ، دادىسىدىن:

–دادا! بۇ تورنىلار ئانىمىز بار جايغا بارامدۇ؟ – دەپ سورايدۇ. دادىسى ئويلانماستىنلا:

–ھەئە، بارىدۇ، – دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار يەنە:

–بىزمۇ ئۇچالامدۇق؟ – دەپ سورايدۇ. دادىسى يەنە:

–ھەئە، ئۇچالايسىلەر، – دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇچۇشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. ئۇچۇش ئۈچۈن كۆپ ئىزدىنىدۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. نەتىجىدە، 1903- يىلى 17- دېكابىر تۇنجى قېتىم ئۇچۇشنى غەلىبىلىك سىناق قىلىدۇ. ئۇلار دەل ئامېرىكىلىق ئاكا - ئۇكا ئورۋېل ۋە ۋېلبور رايتلار ئىدى.

### ھېكمەت

ئىنسان قىلغىلى بولمايدىغان ياكى ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان ئىشلارنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ. ئايغا چىقىش، ئايروپىلان ياساش، تېلېۋىزور قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر. قۇرئان كەرىم تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر قىلىشنى ئىبادەت سانايدۇ.

ھاياتىمىزدا تەسەۋۋۇرنىڭ ئەھمىيىتى شۇ قەدەر زوركى، بىر نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ ئالدىنقى قەدەمىدۇر. شۇڭا، ئالىملار ھەرقانداق نەرسە ئىككى قېتىم يارىتىلىدۇ؛ بىرى، تەسەۋۋۇردا، يەنە بىرى، ئەمەلىيەتتە، دەپ قارايدۇ. 8 - ئەسىردە ئەندەلۇسلۇق ئالىم ئابباس ئىبنى فىرناس ئايروپىلان نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ ھەقتە تۇنجى كىتاب يازغان شەخس بولۇپ تارىخقا قەيت قىلىنغان بولسا، 20 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئاكا - ئۇكا رايتلار ئايروپىلاننى ئىجاد قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۈزەل ئىشلارنى، ئۇلۇغۋار غايىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن يالتايماڭ ۋە ئىنچىكە پىلانلاپ بېقىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، بەلكىم تېخىمۇ قالتىس ئىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرەلىشىڭىز مۇمكىن.

## 4. مېھىر – شەپقەتنىڭ باھاسى يوق!

ياۋروپانىڭ قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قولىدا تاتلىق - تۈرۈم كۆتۈرۈۋالغان ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا مەلۇم بىر ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئىشىكىنى قېقىۋېتىپ ھوشىدىن كېتىدۇ. ئىشىكنى ئاچقان ئايال بالىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكىرىپ، ساپا ئۈستىدە ياتقۇزىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن بالا ھوشىغا كېلىپ، ئۇلۇك مەڭزىدە مېگى بار بىر ئايالنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز ئانىسىغا ئوخشىتىپ قالىدۇ. ئايال ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان سۈت سۇنىدۇ. سۈتنى ئىچىپ بولغان بالا ئۆيدىن ئايرىلىش ئالدىدا، ئۆزىگە تەقدىم قىلىنغان سۈتنىڭ پۇلىنى بېرىۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ باھاسىنى سورايدۇ. ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ:

– چىقىۋەرگىن ئوغلۇم، مېھىر - شەپقەتنىڭ باھاسى يوق! – دەيدۇ.

ئەسلىدە، بۇ بالا دادىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، ناھايىتى كەمبەغەللىكتە چوڭ بولغان بولۇپ، ئانىسى ئۆيدە پىشۇرۇپ بەرگەن تاتلىق - تۈرۈملارنى كوچىلاردا، ئائىلىلىكلەر قورۇلىرىدا سېتىپ تۇرمۇشنى قامدايتتى. ئۇ كۈنى تاتلىق - تۈرۈملىرى سېتىلماي قاتتىق سوغۇقتا كۆپ ئايلانغان بالا قورسىقى ئېچىپ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغان ئىدى.

كېيىنچە، بۇ بالا مېدىتسىنادا ئوقۇپ، دوختۇر بولىدۇ. يىللار ئۆتۈپ، بىر بىمار تېز قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدا ئۇنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. دوختۇر بىمارنىڭ ئۇلۇك مەڭزىدىكى مەڭنى كۆرۈپلا،

بالىلىق چېغىدىكى ئاشۇ ئۇنتۇلماس ۋەقەلىكنى ئېسىگە ئالىدۇ. بىمارنىڭ كىملىكىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئايال ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزى بىر قوللۇق داۋالايدۇ. بىمار دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا بىر كونۋېرت كېلىدۇ. بىمار:

– مەن بۇ دوختۇرخانىدا ئىككى ئايدىن ئارتۇق ياتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇغۇرتام يوق، قانچە پۇل چىققاندۇ؟ ـ دېگەن ئەندىشە بىلەن كونۋېرتنى ئاچىدۇ. ئەمما كونۋېرتتا پۇل تۆلەش تالونى ئەمەس، بەلكى «بىر ئىستاكان سۈت بىلەن تۆلىنىپ بولدى» دېگەن خەت بار ئىدى. بىمار بۇنى چۈشىنەلمەي ئويلىنىپ تۇرغان پەيتتە، دوختۇر كىرىدۇ ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

– مېھىر - شەپقەتنىڭ باھاسى يوق، ـ دەيدۇ. بىمار بىر ئىشلارنى خاتىرىلىگەندەك بولۇپ، دوختۇرغا سىنچىلاپ قارايدۇ. دوختۇر:

– بۇ گەپنى سىز دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟ ـ دەيدۇ ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ. بىمار ھەيرانلىقتىن قېتىپ قالىدۇ. ئوتتۇز يىل بۇرۇن ياۋروپانىڭ قەھرىتان قىش كۈنلىرىدە، تاتلىق - تۈرۈم سېتىپ يۈرگەن كەمبەغەل بالا ئەمدىلىكتە، چوڭ بىر دوختۇرخانىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغان ئىدى.

## ھېكمەت

ئىسلام رەھىم - شەپقەتنى ئاساس قىلغان دىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشتىكى غايىسىنى بايان قىلىپ: **«بىز سېنى پەقەت ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق»**[1] دېگەن.

بۇ ئايەتتىكى «ئالەملەر» دېگەن سۆز ئىنسانلار ئالەمىدىن

[1] ئەنبىيا سۈرىسى، 107 - ئايەت

مۇسۇلمان، كاپىر، تەقۋادار، گۇناھكار ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، ھايۋاناتلار ئالەمى، ئۇچارلىقلار ئالەمى، ھاشاراتلار ئالەمى، تەبىئەت ئالەمى... دېگەندەك پۈتۈن ئالەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇسۇلمان ئادەم مېھىر - شەپقەتلىك بولىدۇ. مېھىر - شەپقەت قىلىش كاتتا ئىبادەتتۇر.

## 5. شىردەك ياشاڭ

بۇرۇنقى زاماندا، بىر ئاتا ئوغلىنى شەھەرگە پۇل تېپىشقا ئەۋەتىپتۇ. لېكىن، ئوغۇل تېخى چۈش بولماي تۇرۇپلا، ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. دادىسى ھەيران بولۇپ:

ــ ئوغلۇم، تېخى ئەتىگەنلا يولغا چىققان ئىدىڭىز، نېمىشقا بۇنداق تېز قايتىپ كەلدىڭىز؟ ياخشى پۇل تاپقان ئوخشىمامسىز؟
ــ دەپ سوراپتۇ. ئوغۇل:

ــ دادا، مەن بۈگۈن ئاجايىپ چوڭ بىر ئىشنى ئۆگىنىپ كەلدىم. ئەتىگەن شەھەرگە قاراپ مېڭىۋېتىپ، سەل چارچاپ قالدىم ـ دە، يول بويىدىكى بىر توپ دەرەخنىڭ سايىسىدا دەم ئالغىلى ئولتۇردۇم. شۇ ئەسنادا، بىر شىرنىڭ بىر كېيىكنى قوغلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. شىر خېلى ئۇزۇن قوغلاپ، ئاخىرى كېيىكنى تۇتۇۋالدى، ئاندىن ئۇنى يېيىشكە باشلىدى. شىر قورسىقى تويغۇدەك يەپلا قالغان قىسمىنى تاشلاپ قويۇپ، كېتىپ قالدى.

شىر كەتكەندىن كېيىن، بىر چەتتىكى ئورەكتە ئەھۋالنى كۆزىتىپ ياتقان تۈلكە چىقىپ، شىردىن ئاشقان كېيىكنى يېدى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ شۇنى ئۆگەندىمكى، ئىنسان ئىشلىمىسىمۇ ئاچ قالمايدىكەن. شۇڭا، پۇل تاپىمەن دەپ جاپا تارتىپ يۈرمەي، يېرىم يولدىنلا ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئوغلىنىڭ ئەخمەقلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئاتا:

ــ ئىسىت ساڭا ئوغلۇم! ئۆز ئۆۋىنى ئۆزى ئوۋلايدىغان ئاشۇ

شىردەك ياشاش پۇرسىتى تۇرۇقلۇق، باشقىلارنىڭ قالدۇقىغا كۆز تىكىدىغان تۈلكىدەك ياشاشنى تاللىدىڭمۇ؟ ـ دەپ كايىپتۇ.

## ھېكمەت

رىزىق بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشى، لېكىن شۇ رىزىققا ئېرىشىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىش ۋە تىرىشىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. شۇڭا، ھالال رىزىق تېپىش ئۈچۈن ئىشلەش پەرزدۇر.

دۇنيادىكى ھەربىر جانلىقنىڭ رىزقى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كاپالەتلەندۈرۈلگەن. لېكىن، «تىلەپ يېيىش» بىلەن «ئىشلەپ يېيىش»، «بېرىپ ياشاش» بىلەن «ئېلىپ ياشاش» ئارىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەرگەن قول ئالغان قولدىن ياخشىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

[1] سەھىھۇل بۇخارىي، 1427 - نومۇرلۇق؛ سەھىھ مۇسلىم، 1034 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 6. سىز ئاللاھتىن رازى بولمىسىڭىز، ئاللاھ سىزدىن قانداق رازى بولسۇن!

بىر كىشى ھەرەمدە كەئبىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭنى تىلەيمەن» دېگەن دۇئانى تەكرارلاۋېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تابىئىين[1] ئۆلىمالىرىدىن مالىك ئىبنى دىنار:

— سەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەۋاتىسەن، لېكىن ئۆزۈڭ ئاللاھتىن رازىمۇ؟ سەن ئۇنىڭدىن رازى بولمىساڭ، ئۇ قانداقمۇ سەندىن رازى بولسۇن؟! — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى:

— بۇ قانداق گەپ؟ مېنىڭ ئاللاھتىن رازى بولماسلىقىمغا نېمە ھەددىم؟ — دەپتۇ. مالىك ئىبنى دىنار ئۇنىڭغا مۇنداق چۈشەندۈرۈپتۇ:

— سەن ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە خۇشال بولغاندەك، ئەۋەتكەن مۇسىبەتلىرىگىمۇ خۇشال بولالامسەن؟ ئۇ تەقدىر قىلغان قىسمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە رازى بولالامسەن؟ ئەگەر شۇنداق قىلالىساڭ، ئاللاھتىن رازى بولغان بولىسەن. يەنى سەن ئاللاھنىڭ پۈتۈن تەقدىر - قىسمەتلىرىگە چىن قەلبىڭدىن رازى بولۇپ قانائەت قىلغان ۋاقتىڭدا، ئاللاھمۇ سەندىن رازى بولىدۇ.

### ھېكمەت

ھاياتتىكى خۇشاللىقمۇ، غەمكىنلىكمۇ، بايلىقمۇ، نامراتلىقمۇ،

[1] تابىئىين ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن ئىككىنچى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەن، ئەمما ساھابىلەرنى كۆرگەن كىشىلەردۇر.

پايدىمۇ، زىيانمۇ ـ ھەممىسى ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ. بېشىمىزغا كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە قاقشاش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە نارازى بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، كائىناتتىكى ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەت تەقسىماتىغا قايىل بولماسلىق، بەرگەن رىزقىنى ئاز چاغلاپ قانائەت قىلماسلىقمۇ ئاللاھتىن نارازى بولغانلىقتۇر. ھەقىقىي بەخت ـ ئاللاھنىڭ بەرگىنىگىمۇ، ئالغىنىغىمۇ رازىلىق بىلەن تەبەسسۇم قىلالىشقا يوشۇرۇنغان.

## 7. ئىمام ئەزەم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ئاتېئىستلار

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان ئاتېئىست كاپىرلاردىن بىر قانچىسى ئىمام ئەزەمنى سۆزدە يېڭىۋالماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ بارلىقى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىنى تەلەپ قىپتۇ. ئىمام ئەزەم ئۇلارغا ئۇچرىشىدىغان جاي ۋە ۋاقىتنى بەلگىلەپ، شۇ كۈندە ئۇچرىشىشنى ئېيتىپتۇ.

ئاتېئىست كاپىرلار ئىمام ئەزەم بەلگىلەپ بەرگەن جايغا دەل ۋاقتىدا يېتىپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، ئىمام ئەزەم دەل ۋاقتىدا كەلمەي، قەستەن كېچىكىپ كەپتۇ. ئاتېئىست كاپىرلار ئىمام ئەزەمنى مەسخىرە قىلغان ھالدا:

— ھەي ئىمام، ئۆزلىرى كېچىكىپ قالدىلىغۇ؟ — دەپتۇ. ئىمام ئەزەم:

— ئەسلىدە مەن بۇرۇنلا يولغا چىققان ئىدىم. دېڭىز بويىدا كېمىنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم. ئەمما، كېمە كەلمىدى. شۇ ئەسنادا قاراپ تۇرسام، ئورماندىكى دەل - دەرەخلەر ئۆزلۈكىدىن دېڭىز بويىغا كېلىپ، يەنە ئۆزلۈكىدىن كېمىگە ئايلاندى. مەن ئاشۇ كېمىگە چىقىپ، ئاران يېتىپ كەلدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاتېئىست كاپىرلار ئىمام ئەزەمنى مەسخىرە قىلىپ:

— مۇشۇمۇ گەپمۇ؟ مۇشۇنداق ئىشمۇ بولامدۇ؟ ئۆزلۈكىدىن بارلىققا كەلگەن بىرەر نەرسە بارمۇ دۇنيادا؟ — دەپتۇ. ئىمام ئەزەم ئۇلارغا:

ــ بەك توغرا گەپ قىلدىڭلار، دۇنيادا ئۆزلۈكىدىن بارلىققا كەلگەن ھېچقانداق نەرسە يوق. شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغان. سىلەر بىر كېمىنى ئۆزلۈكىدىن ياسىلىپ قالدى دېسەم ئىشەنمەيسىلەر ــ يۇ، نېمىشقا پايانسىز كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلار ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولغان، ئۇلارنى ئاللاھ ياراتمىغان دەپ دەۋا قىلىسىلەر؟ ــ دەپتۇ. ئاتېئىست كاپىرلار مات بولۇپ، قايتىپ كېتىپتۇ.

## ھېكمەت

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **«(ئى ئىنسانلار!) ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھتۇر، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار. ئۇ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر»**[1].

ئەقىل «ھەرقانداق ئەسەرنىڭ ئاپتورى، ھەرقانداق ئىجادىيەتنىڭ ئىجادكارى، ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ سەنئەتكارى بولغىنىدەك، بۇ كاتتا كائىناتنىڭمۇ بىر ياراتقۇچىسى باردۇر» دېگەن ھۆكۈمنى چىقارسا، قۇرئان كەرىم «بۇ ياراتقۇچى ئاللاھتۇر!» دەپ ئېلان قىلماقتا.

[1] ئەنئام سۈرىسى، 102 ـ ئايەت.

## 8. باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش كاتتا ئىبادەتتۇر

كۈتۈش ئىنسانغا ئېغىر كېلىدىغان بىر ئىش بولۇپ، بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولمىغاندا، ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىدۇ.

جىددە ئايرودۇرۇمىدا ئايروپىلانغا چىقىش سائىتىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ھاجىلاردىن بىرى يېنىدا ئولتۇرغان «سەئىد» ئىسىملىك بىر ھاجى بىلەن تونۇشقۇسى كەپتۇ. ھېلىقى ھاجى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئونىنچى قېتىملىق ھەجنى تاماملاپ، يۇرتىغا قايتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ تازا ماختىنىپتۇ. ئاندىن ھاجى سەئىدتىن ئۇنىڭ قانچە قېتىم ھەج قىلغانلىقىنى سوراپتۇ. ھاجى سەئىد ئۇنىڭغا: «بۇ مېنىڭ تۇنجى ھەج قىلىشىم بولىدۇ. مېنىڭ ھەج ھېكايەم بەك ئۇزۇن، شۇڭا كۆپ سۆزلەپ بېشىڭنى ئاغرىتىشنى خالىمايمەن» دەپتۇ. ھەمراھى ئۇنىڭغا: «بىزنىڭ ۋاقتىمىز كۆپ، بۇ ۋاقىتنى شۇنداق گەپ سېتىپ ئۆتكۈزمىسەك، زېرىكىپ قالىمىز. سۆزلەۋەرگىن، قۇلىقىم سەندە» دەپتۇ.

ھاجى سەئىد ھېكايىسىنى باشلاپ مۇنداق دەپتۇ: «مەن ئوتتۇز يىل كۈتۈپ، ئاندىن بۇ ھەج پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ھەج قىلىش ئۈچۈن بىر شەخسىي دوختۇرخانىنىڭ فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمىدە يىگىرمە يىل ئىشلەپ، پۇل توپلىدىم. ئاخىرى مەن تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كۈنلەرمۇ كەلدى. سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، ئاخىرقى ئايلىق مائاشىمنى ئالاي دەپ دوختۇرخانىغا باردىم. دوختۇرخانىدا بالىسىنى ئۆزۈم بىر قولقۇق داۋالاپ كېلىۋاتقان بىر ئايال بىلەن

ئۈچرىشىپ قالدىم. ئايال ئوغلىنى داۋالىتىشنى توختاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن:

– نېمىشقا توختىتىسىز؟ مەن ئوغلىڭىزغا ياخشى قارىيالمىدىممۇ؟
– دەپ سورىۋىدىم، ئايال:

ياق، سىز راستىنىلا بالىمىزغا ياخشى قارىدىڭىز. بىز بۇ داۋالاشنى داۋاملاشتۇرۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتۇق، چۈنكى داۋالاش ياخشى ئۈنۈم بېرىۋاتاتتى. ئەمما، بالامنىڭ ئاتىسى تۇيۇقسىز ئىشسىز قالدى. دوختۇرخانىغا تۆلەشكە پۇلىمىز يوق، شۇڭا توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇق، – دېدى.

بالىغا قاتتىق ئىچىم ئاغرىدى. دوختۇرخانا مۇدىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئايالنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈردۈم. مۇمكىن بولسا، بالىنى ھەقسىز داۋالاشنى ئۆتۈندۈم. ئەمما، مۇدىر قوپاللىق بىلەن:

– بۇ خەير - ساخاۋەت جەمئىيىتى ئەمەس، پۇل تاپىدىغان ئورۇن. پۇلى بولمىسا، داۋالىمايمىز، – دېدى. مۇدىرنىڭ يېنىدىن ئىچىم ئاچچىققا تولغان ھالدا يېنىپ چىقتىم.

شۇ ھامان قولۇمنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، پۇلۇمنى سىقىمدىدىم. لېكىن، ‹بۇ مېنىڭ يىگىرمە يىل جاپالىق ئىشلەپ يىغقان پۇلۇم. ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەنىدى. پۇلنىڭ ھەممىسى ئۇ خىزمەتكە كېرەك› دېگەن خىيالغا كەلدىم. ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. بىر تەرەپتە ئۆمۈر بويى ئارزۇلاپ كەلگەن ھەرەم، يەنە بىر تەرەپتە ياردەمگە موھتاج بالا. ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇ تاپتا، ئۆزۈمنىڭ ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم.

ئاخىرى قەتئىي قارارغا كېلىپ، بالىنىڭ ئالتە ئايلىق داۋالىنىش پۇلىنى ئالدىن تۆلىۋەتتىم. ئايالدىن ئوغلىنىڭ داۋالىنىش پۇلىنى تۆلىۋەتكەنلىكىمنى باشقىلارغا ئېيتماسلىقىنى، باشقىلار سوراپ

قالسا، ‹دوختۇرخانا كۆتۈرىدىغان بولدى› دەپ قويۇشىنى ئۆتۈندۇم. بىر تەرەپتىن، ھەج قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن پەرىشان بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن، بىر ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلالىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى خۇشال تۇتۇشقا تىرىشتىم.

شۇ كۈنى كېچىسى بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ھەرەمگە بېرىپ، كەئبىنى تاۋاپ قىپتىمەن. نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا سالام بېرىپ: ‹مۇبارەك بولسۇن! ھاجى سەئىد، بىزنىمۇ دۇئادا ئۇنۇتمىغايسەن› دېگىلى تۇرغۇدەك. چۈشۈم ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفون دوختۇرخانا مۇدىرىدىن كەلگەن ئىدى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: ‹سەئىد، دوختۇرخانىمىزنىڭ خوجايىنى بۇ يىل ھەجگە بارماقچى ئىكەن. بىر ھەمراھقا موھتاج بولۇپ، سېنى تاللاپتۇ. ئەگەر ماقۇل دېسەڭ، بارلىق چىقىمىڭنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ھەجگە ئېلىپ بارىدىكەن› دېدى. مەن ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا: ‹ماقۇل› دەۋەتتىم.

بۇ خۇشاللىقتىن سۆيۈنۈپ، ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىپ يىغلاپ كەتتىم. ھەج سەپىرىدە خوجايىننىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلغانلىقىم ئۈچۈن مېنى مۇكاپاتلايمەن دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا ھېلىقى ئايالنىڭ مېيىپ ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ دەرھال مۇدىرغا تېلېفون قىلىپ، بالىنىڭ داۋالىنىش چىقىمىنى ئۆزى كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئايالنىڭ ئېرىنىمۇ ئۆزىنىڭ بىر شىركىتىگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن بالىنىڭ داۋالىنىش چىقىمىنى سورۇشتە قىلىپ، مېنىڭ تۆلىگەنلىكىمنى بىلدى ۋە دەرھال كارتامغا قايتۇرۇش ھەققىدە مۇدىرغا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن يىغقان پۇلۇم قولۇمدا قېلىپ، بىكارلىق ھەج قىلىپ قايتىۋاتىمەن».

## ھېكمەت

بىراۋغا قىلغان ياخشىلىق ھەرگىز ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ ۋە مۇكاپاتسىز قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **«ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا ياخشىلىقتۇر»**[1] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ»[2].

[1] رەھمان سۈرىسى:-60ئايەت.

[2] سەھىھۇل بۇخارىي، 2442 - نومۇرلۇق؛ سەھىھ مۇسلىم، 2580 - نومۇرلۇق ھەدىس.

# 9. ئەقىللىق بالا

بىر كۈنى مەلۇم بىر مەكتەپنىڭ پەلسەپە دەرسىدە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان ئاتېئىست مۇئەللىملەردىن بىرى ئوقۇغۇچىلاردىن سورايدۇ:

– مېنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟

– ھەئە، كۆرۈۋاتىمىز، – دەيدۇ ئوقۇغۇچىلار ھەممە بىرلىكتە. مۇئەللىم:

– ئۇنداقتا مەن مەۋجۇت. شۇنداقمۇ؟ – دەيدۇ مۇئەللىم. ئوقۇغۇچىلار:

– ھەئە، شۇنداق، – دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ئاندىن:

– دوسكىنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ – دەيدۇ مۇئەللىم دوسكىغا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ. ئوقۇغۇچىلار:

– ھەئە، كۆرۈۋاتىمىز– دەيدۇ.

– ئۇنداقتا، دوسكا مەۋجۇت. شۇنداقمۇ؟ – دەيدۇ مۇئەللىم.

– شۇنداق– دەيدۇ ئوقۇغۇچىلار. مۇئەللىم ئۇلارغا ئورۇندۇقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

– ئورۇندۇقلارنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ – دەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھەممە بىرلىكتە:

– ھەئە، كۆرۈۋاتىمىز، – دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. مۇئەللىم بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ئاتېئىستلىق سەپسەتىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش

ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلاردىن:

– ئاللاھنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ – دەپ سورايدۇ. تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن ھودۇقۇپ قالغان ئوقۇغۇچىلار بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

– ياق، – دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. نىيىتى بوزۇق ئاتېئىست مۇئەللىم پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، يۇقىرى ئاۋازدا:

– ئۇنداقتا، ئاللاھ يوق! – دەيدۇ. سىنىپنى جىمجىتلىق قاپلايدۇ، ھەممە سۈكۈتكە چۆمىدۇ. ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

– ساۋاقداشلار! سىلەر مۇئەللىمنىڭ ئەقلىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ – دەپ سورايدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھەممە بىرلىكتە:

– ياق! – دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ئوقۇغۇچى تەمكىنلىك بىلەن:

– ئۇنداقتا، مۇئەللىمنىڭ ئەقلى يوق! – دەيدۇ. سىنىپتا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. مۇئەللىم لام - جىم دېيەلمەي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا مات بولىدۇ.

### ھېكمەت

«بار نەرسە چوقۇم كۆرگىلى بولىدىغان بولۇشى كېرەك، كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسە يوقتۇر» دەيدىغان مەنتىقە ياكى پەلسەپە تۈپتىن خاتادۇر. تەبىئىي پەن ئالىملىرى دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شەيئىيلەردىن ئاران % 3.5 نىلا كۆرگىلى بولىدىغانلىقى، قالغان% 96.5 نى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. رادىئو دولقۇنلىرى، تېلېۋىزىيە قانالىرى، توك، سىمسىز تور ۋە بۇلاردىن باشقا مىڭلارچە نەرسىلەرنى كۆرەلمەيمىز. ئەمما، بۇلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن قىلچە شەكلەنمەيمىز.

بىز ھېس - تۇيغۇلىرىمىزنىمۇ كۆرەلمەيمىز. مەسىلەن، مۇھەببەت - نەپرەت، خۇشاللىق -غەمكىنلىك، مېھىر - شەپقەت، ئىچ ئاغرىتىش، روھ، ۋىجدان، جان، ئەقىل، خىيال، پىكىر، كۆڭۈل، ئارزۇ قاتارلىق كۆپلىگەن مەنىۋىيەتلەر بىزدە مەۋجۇت، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمەيمىز.

## 10. دۇنيادا دۆت ئادەم يوق

بىر بالا ئۆزىنى ئىنتايىن دۆت، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىرى دەپ ئويلايدىكەن. ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ ناچار بولۇپ، مەكتەپنىڭ دەرسلىكلىرىنىمۇ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئارانلا ئۆگىنەلەيدىكەن. ئۇ ھەمىشە ئۆزىگە:

ــ مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ نېمىشقا مەن باشقا بالىلاردەك تېز ئۆگىنىپ، مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى بولالمايمەن؟ ــ دەپ سوئال قويىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ دەريا بويىدا خىيال سۈرۈپ، يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر پېشقەدەم سەنئەتكار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ بالام، نېمىشقا يىغلايسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ. بالا قەلبىدىكى دەردىنى تۆكۈپ:

ــ مەن دۇنيادىكى ئەڭ دۆت بالا، قولۇمدىن ھېچقانداق ئىشمۇ كەلمەيدۇ، ــ دەپتۇ. سەنئەتكار يەردىن بىر تال تاياقنى ئېلىپ، بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا مېھربانلىق بىلەن:

ــ بالام دۇنيادا دۆت ئادەم يوق. قېنى، مۇشۇ تاياق بىلەن قۇمغا بىر نەرسە سىزىپ باقە، ــ دەپتۇ. بالا ئەتراپىغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، دەريا بويىدىكى نەم قۇمغا ئۆزىدىن بىر نەچچە قەدەم يىراقلىقتا تۇرغان بىر تۈپ سۆگەت دەرىخىنىڭ رەسىمىنى سىزىپتۇ. رەسىم شۇنچىلىك جانلىق، شۇنچىلىك گۈزەل چىقىپتۇكى،

سەنئەتكار ھەيران قېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

– بالام، سېنىڭ ئاجايىپ بىر تالانتىڭ بار ئىكەنغۇ! سەن ھەرگىزمۇ دۆت ئەمەس، پەقەت خاتا يەردە تۇرۇپ قالغان بىر گۆھەرسەن. بىلىقنى دەرەخكە چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن دۆت دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ دۇنياسى سۇدۇر. سېنىڭ ئەقلىڭ بارمىقىڭنىڭ ئۇچىدا ئىكەن، سەن رەسساملىقتا تۇغما تالانت ئىگىسى ئىكەنسەن!

بالا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى تېپىپ، ئىشتىياق بىلەن رەسىم سىزىشنى مەشىق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ، ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە داڭلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئىلگىرى ئۇنى «دۆت» دەپ كەمسىتكەنلەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ تالانتىغا قايىل بولۇپ، ئەسەرلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن سائەتلەپ ئۆچرەتتە تۇرىدىغان بوپتۇ.

## ھېكمەت

ئەقىلنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. ماتېماتىكا ياكى خىمىيىدە ئاجىز بىر ئادەم تىل - ئەدەبىياتتا قابىلىيەتلىك بولۇشى، پۈتۈن دەرسلەردە قىينالغان بىرى سەنئەتتە ياكى تەنتەربىيەدە تالانت ئىگىسى بولۇشى مۇمكىن. قولى ھۈنەر - كەسىپكە كەلمەيدىغان بىرى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ماھىر بولۇشى مۇمكىن. دۇنيادا دۆت ئادەم يوق، پەقەت ئۆزىدىكى تالانتنى بايقىيالمىغان ياكى ئۇنى جارى قىلدۇرىدىغان مۇناسىپ ئورۇن تاپالمىغان كىشىلەر بار.

شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ كەمسىتمەي، ئاللاھ ئاتا قىلغان ئۆزگىچە تالانتىمىزنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى جەمئىيەتكە خىزمەت قىلدۇرۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

## 11. نېمەت شۈكۈر قىلىش بىلەن ئاشىدۇ، تۇزكورلۇق بىلەن يوقىلىدۇ

ئۆتكەن زاماندا، ھامىللىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇ ھال كۈنىگە شۈكۈر قىلىپ، رازىمەنلىك ئىچىدە ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئۆزى ئېرىشكە بۇ بەخت - سائادەتلىك، خاتىرجەم تۇرمۇشىنى ئۇنتۇپ، ئاللاھ تائالاغا مۇنداق مۇناجات قىپتۇ:

– ئى ئاللاھ! كۈندە ئىككى نان ئۈچۈن توختىماي، جاپالىق ئىشلەپ جېنىمنى بېقىۋاتىمەن. مېنى ئىشلىمەي تۇرۇپمۇ ئاشۇ ئىككى نانغا ئېرىشەلەيدىغان قىلساڭچۇ!

شۇ كۈنى كېچىسى، ساقچىلار ئۇنى بىر قۇرۇق تۆھمەت سەۋەبلىك تۇتۇپ كېتىپ، زىندانغا تاشلاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۈندە ئىككى نان تاشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ نېمە گۇناھ بىلەن تۇتۇلغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي، ئايلارچە زىنداندا قاپتۇ. كۈندە ئىشلىمىسىمۇ كېلىدىغان ئاشۇ ئىككى ناننى يېيىشتىنمۇ زېرىكىپتۇ. شۇ چاغدىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئاللاھ تائالاغا مۇنداق قىپتۇ:

– ئى ئاللاھ! ئىككى نان بەرمىسەڭمۇ مەيلى، مېنى بۇ زىنداندىن چىقارساڭ، كۈندە بىر نان بەرسەڭمۇ شۈكۈر قىلاتتىم، – دەپتۇ.

## ھېكمەت

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **«ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن»**[1] دېگەن.

شۈكۈر قىلىش دېگەنلىك ئازغا قانائەت قىلىپ، ئىشلىمەي يېتىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپكە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزگە بېرىلگەن ئاشۇ ئازنىڭ قەدرىنى بىلىش، ئۇنىڭدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئۆزىدە بار ئازدىن خۇشال بولالمىغان كىشى كۆپكە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ خۇشال بولالمايدۇ.

[1] ئىبراھىم سۈرىسى، 7 - ئايەت.

## 12. دەردىڭىزنى ئاللاھ تائالاغا تۆكۈڭ

بىر يېتىم قىز تاغىسىنىڭ ئوغلىغا تۇرمۇشقا چىققان بولۇپ، ئېرىنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى تەرىپىدىن توختىماي ھەقسىزلىككە ۋە خورلۇققا ئۇچرايدىكەن. ئېرىمۇ ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلاشنىڭ ئورنىغا، ئاچا - سىڭىللىرىغا بولۇشۇپ، زۇلۇم قىلىدىكەن. قىز زۇلۇمغا چىدىماي ھەر كۈنى يالغۇز قالغان ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، دەردىنى تۆكىدىكەن. قىز ئۇدا ئون يىل كۈنىنى ئانىسىغا دەرد تۆكۈش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. بىچارە ئانىمۇ قىزىنىڭ دەردىگە دەرمان بولالماي، چارىسىزلىك ئىچىدە پۇچىلىنىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قىزنىڭ ئانىسىمۇ ۋاپات بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، قىز ھەر كۈنى ئانىسىنىڭ ئادەمسىز ئۆيىگە بېرىپ، جايناماز ئولتۇرۇپ، دەردىنى ئاللاھقا تۆكۈشكە باشلاپتۇ. قىزنىڭ ھەر كۈنى ئانىسىنىڭ ئادەمسىز ئۆيىگە غەمكىن كېتىپ، خۇشال - خۇرام قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئېرىنىڭ ئاچا - سىڭىللىرى ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارا چاپلاپ: «بۇ قىز ئانىسىنىڭ ئادەمسىز ئۆيىگە ھەر كۈنى غەمكىن كېتىپ، خۇشال قايتىۋاتىدۇ. بەلكىم، ئۇ يەردە يامان بىر ئىش قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئېرىنى قۇترىتىپتۇ. قىزنىڭ ئېرى بىر كۈنى ئايالىنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ بېرىپ، تۈيدۈرماستىن ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا، ئايالى جايناماز يىغلاپ ئولتۇرۇپ:

ــ ئى ئاجىزلارنىڭ ئىگىسى، يېتىملەرنىڭ پاناھگاھى رەببىم! سەندىن باشقا ھېچبىر يۆلەنچۈكۈم يوق. ئېرىمنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتكىن، ئۇنىڭغا ھىدايەت ۋە ئىنساپ بەرگىن، ــ دەپ دۇئا قىلىۋاتقانىكەن.

بۇنى ئاڭلىغان ئېرى قىلغانلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ھۆڭرەپ يىغلىغان پېتى كېلىپ، ئايالىنى قۇچاقلاپتۇ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سوراپتۇ ۋە:

– بولدى، ئەمدى مېنىڭ كۆزۈم ئېچىلدى، خاتىرجەم بولۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن سىزگە قىلچە زۇلۇم قىلمايمەن ۋە قىلدۇرمايمەن، – دەپتۇ.

شۇ كېچىسى قىز چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق، پەرىشتە سۈپەت بىر بوۋاي ئۇنىڭغا:

– قىزىم! يىللاردىن بېرى دەردىڭىزنى ئۆزىڭىزدەك بىر ئاجىز ئانىڭىزغا تۆكتىڭىز، ئەمما قىيىنچىلىقىڭىز ھەل بولمىدى. قاچانكى، دەردىڭىزنى قادىر ئاللاھقا تۆككەن ئىدىڭىز، قىيىنچىلىقىڭىز شۇئان ھەل بولدى، – دەپتۇ.

## ھېكمەت

بىزنى ئۆزىمىزدىنمۇ ياخشى چۈشىنىدىغان، ھەممىگە قادىر، مېھرىبان رەببىمىز بار تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بىزنى تولۇق چۈشەنمەيدىغان، چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئىنسانلارغا دەرد تۆكىمىز؟

رىئاللىق شۇكى، نۇرغۇن كىشىلەر دەرت - ئەلەملىرىڭىزدىن خۇشال بولىدۇ، ھۇزۇر ئالىدۇ. ئەمما، ئاللاھ تائالا دەردلىرىڭىزگە ھەقىقىي دەرمان بولىدۇ، قىيىنچىلىقلىرىڭىزغا ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان چىقىش يوللىرى ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا، دەردىمىزنى خۇپىيانە ھالدا ئاللاھقا تۆكۈشىمىز، كىشىلەر ئالدىدا بولسا تەمكىن تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم. چۈنكى، بىز باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولساق، ئاللاھمۇ بىزنىڭ دەردىمىزگە دەرمان بولىدۇ ئەمەسمۇ؟!

## 13. سائادەت بېغىشلاشتىن كېلىدۇ

بىر باي خۇشال بولۇش ئۈچۈن ھەممىنى قىلىپ باقىدۇ؛ ھەرەمگە بارىدۇ، پۇل تارقىتىدۇ، ساياھەت قىلىدۇ، ئەمما ھېچ خۇشاللىق ھېس قىلالمايدۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرى:

ــ ئاداش سېنى ھېچ خۇشال قىلغىلى بولمىدى، دارۇل ئەيتامنى (يېتىم بالىلار مەركىزى) زىيارەت قىلساق نېمە دەيسەن، بەلكى خۇشال بولۇپ قالارسەن؟ ــ دەيدۇ.

باي ماقۇل بولىدۇ ۋە كىيىم - كېچەك، ئويۇنچۇق، مېۋە - چېۋە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ، دارۇل ئەيتامغا زىيارەتكە بارىدۇ. ئۇلار سوۋغاتلارنى تارقىتىپ بولۇپ، قايتايلى دەپ تۇرغىنىدا، بىر بالا باينىڭ ئالدىغا كېلىپ، سىنچىلاپ قارايدۇ. باي:

ــ ئوغلۇم بىرەر ھاجىتىڭ بارمۇ؟ ــ دەپ سورايدۇ. بالا:

ــ ياق، ھاجىتىمىزنى سىز راۋا قىلدىڭىز. قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا «بۇ ئادەم بىزگە ياخشىلىق قىلغان ئىدى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن يۈزىڭىزنى تونۇۋالاي دېگەن ئىدىم، ــ دەيدۇ. باينىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلىدۇ. باي:

ــ مەن مۇشۇ بىر لەھزىلىك سائادەت ئۈچۈن پۈتۈن بايلىقىمنى بېرىشكە تەييار ئىدىم، ــ دەيدۇ.

## ھېكمەت

بېغىشلاش خۇشاللىقنىڭ ئەلچىسى، بەخت - سائادەتنىڭ كاپالىتىدۇر. چۈنكى، بەرگەن ئىنسان ئالغان ئىنساندىن بەكرەك خۇش بولىدۇ.

غەربنىڭ ۋە شەرقنىڭ، يەنى پۈتۈن دۇنيانىڭ پەيلاسوپلىرى قەدىمدىن تا ھازىرغىچە كۆپ نەرسىلەردە، ھەتتا ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىدىمۇ ئىختىلاپلاشقان بولسىمۇ، بىر نەرسىدە ھەممىسى بىرلىككە كەلگەن. ئۇ بولسىمۇ، «بەخت - سائادەت بېغىشلاشتىن كېلىدۇ».

## 14. ئاللاھتىن تىلىسىڭىز سۆيۈندۇ، بېرىدۇ. بەندە ئۇنداق ئەمەس

يوقسۇل بىر ئادەمنىڭ باي دوستى بار ئىكەن. بىر كۈنى يوقسۇل ئادەم باي دوستىدىن ئازراق پۇل سوراپتۇ. دوستى بېرىپتۇ، يەنە سوراپتۇ، يەنە بېرىپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم سورىغاندا، باي دوستى:

– سەن نېمانداق يۈزى قېلىن ئادەمسەن؟ – دەپ ئۇنى قوغلىۋېتىپتۇ.

باي ئاچچىقى بېسىققاندىن كېيىن، يوقسۇل دوستىنى قوغلىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ، ئىزدەش قارارىغا كەپتۇ. شۇ ئارىدا، نامازغا ئەزان چىقىپ، مەسجىدكە كىرىپتۇ. قارىسا، دوستى ئۆرە تۇرۇپ:

– ئى ئاللاھ! سەن باي، مەن پېقىر، مەن ھاجىتىمنى سورىغان ئۇ بەندەڭمۇ پېقىر. مېنى پېقىرلارغا موھتاج قىلمىغىن، ئۇ بەندەڭنىڭ ئۆيىگە باردىم قوغلىۋەتتى، ئەمدى سېنىڭ ئۆيۈڭگە كەلدىم، سەن مېنى قوغلىۋەتمىگىن. سەنمۇ قوغلىساڭ، مەن نەگە بارىمەن؟ سەن مېنىڭ ئىگەم، مېنىڭ ھاجىتىمنى سەنلا راۋا قىلىسەن. ھاجىتىمنى راۋا قىلماي، مېنى بۇ مەسجىدتىن چىقارمىغىن، – دەپ دۇئا قىلىۋاتقان ئىكەن. باي: «دوستۇم ماڭا بەتدۇئا قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ قورقۇپ كېتىپ:

– ھەي پالانى! بولدى قىلىڭ، خاپا بولماڭ، بايلىقىمنىڭ يېرىمى سىزنىڭ بولسۇن، ئاللاھ گۇۋاھكى گېپىم گەپ. ئەمدى دۇئانى

تونختىتىلىڭ، ــ دەپتۇ.

## ھېكمەت

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **«ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن»**[1] دېگەن. ئاللاھ تائالا ئۆزىدىن تىلىگەن بەندىسىنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا دۇئادىن يېقىملىق نەرسە يوق»[2] دەپ كۆرسەتكەن. دۇئا ئەڭ سەممىي ئىبادەتتۇر.

دۇئا شۇنداق پەزىلەتلىك ۋە پايدىلىق ئىبادەتكى، كىشى ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى تىلەپ دۇئا قىلسا، ئۈچ تەرەپتىن پايدىغا ئېرىشىدۇ: بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۇنى سۆيۈندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، دۇئا ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن ساۋابقا ئېرىشىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ھاجەتلىرى راۋا بولىدۇ. ناۋادا دۇئاسى ئىجابەت بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم بېرىدۇ.

---

[1] غافىر سۈرىسى، 60 ـ ئايەت.

[2] مۇسنەد ئەھمەد، 8748 - نومۇرلۇق؛ سۈنەن تىرمىزىي، -3370 نومۇرلۇق ھەدىس.

## 15. خۇشال بولاي دېسىڭىز، باشقىلارنى خۇشال قىلىڭ

نارەسىدە بالىلىرى بار، ئىنتايىن يوقسۇل بىر ئادەم يۈرىكىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ دوختۇرغا بەرگۈدەك ھېچنەرسىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى، نارەسىدە بالىلىرى ۋە ئايالى قاتتىق غەمگە پاتىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايىدا خۇشاللىقتىن ھېچبىر ئەسەر قالمايدۇ. بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولغان دوختۇر ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئوپېراتسىيە چىقىملىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈشنى قارار قىلىدۇ. دوختۇر ئوپېراتسىيەنى غەلىبىلىك تاماملايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆيى خۇشاللىققا تولىدۇ، نارەسىدە بالىلىرى «دادىمىز ساقايدى، دادىمىز ساقايدى!» دەپ بايرام تەنتەنىسى قىلىدۇ. ئادەم بىلەن ئايالى قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق يىغلىغان ھالدا، دوختۇرغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە دۇئا قىلىدۇ. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن دوختۇر ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمۈپ، «ئاللاھقا شۈكرى!» مەن دوختۇر بولۇپ بۈگۈنكىدەك بەخت ھېس قىلمىغان ئىدىم» دەيدۇ.

### ھېكمەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەم كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك ئادەمدۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل بىر مۇسۇلماننى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ياكى قەرزىنى تۆلىۋېتىپ ۋە ياكى قارنىنى تويغۇزۇپ خۇشال قىلىشتۇر. مەن بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىمنىڭ ھاجىتىنى راۋا

قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشنى مۇشۇ مەسجىدىمدە ئولتۇرۇپ بىر ئاي ئېتىكاپ قىلىشتىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىمەن. كىمكى كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى يۆگەيدۇ، قىيامەت كۈنى قەلبىنى خۇشاللىققا تولدۇرىدۇ. ئاللاھ بىر مۇسۇلماننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ماڭغان كىشىنىڭ قەدىمىنى قەدەملەر تېيىپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىدە مۇستەھكەم قىلىدۇ»[1].

[1] تەبەرانى، مۇئجەمۇل ئەۋسەت، 6026 - نومۇرلۇق ھەدىس. ئەللامە ئەلبانىي بۇ ھەدىسنى «ھەسەن» دەپ باھالىغان.

## 16. ئاللاھنىڭ ئىبادەتكە مۇۋەپپەق قىلغانلىقى ياخشى كۆرگەنلىكىدۇر

بىر كېچىسى بەسرە شەھىرىنىڭ ۋالىيسى ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد ئويغىنىپ، ئۆيىدىكى خىزمەتچى قۇلنىڭ ياتقان يېرىدە يوقلۇقىنى بايقايدۇ. ۋالىي ئۇنى ئىزدەپ سىرتقا چىققاندا، خىزمەتچىنىڭ ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە ئۇنى بىر دەم كۆزىتىدۇ. خىزمەتچى نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن مۇنداق دەپ دۇئا قىلىدۇ:

– «ئى ئاللاھ! مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭ ئۈچۈن دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن!».

بۇ ئۆزگىچە دۇئانى ئاڭلاپ ھەيران قالغان ۋالىي ئۇنى يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن بىلمەي شۇنداق دېدى دەپ ئويلاپ:

– ھەي ئەخمەق! نېمىدېگىنىڭ ئۇ؟ ئى ئاللاھ! سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن دۇئايىمنى ئىجات قىلغىن دېمەمسەن؟ – دەيدۇ. خىزمەتچى قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ:

– خوجايىن! ئەسلى ئەخمەق ئۆزلىرى ئىكەنلا. ئاللاھ مېنى ياخشى كۆرمىگەن بولسا، ئاتەشپەرەسلىكتىن قۇتقۇزۇپ، ئىسلامغا ھىدايەت قىلاتتىمۇ؟ مېنى ياخشى كۆرمىگەن بولسا، كېچىدە ئويغىتىپ، ئۆزىگە ئىبادەت قىلدۇراتتىمۇ؟ ئەگەر ئاللاھ سىلىنىمۇ ياخشى كۆرگەن بولسا، كېچىدە ئويغىتىپ، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق قىلغان بولاتتى! – دەيدۇ.

ۋالىي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ھەق سۆزلىگەنلىكىگە چىن دىلىدىن قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ:

– مۇشۇ ھەق سۆزۈڭ ئۈچۈن بۈگۈندىن باشلاپ سېنى ئازاد قىلىۋەتتىم، – دېدى. شۇنچە كاتتا خۇش خەۋەردىنمۇ سۆيۈنمىگەن خىزمەتچى تەمكىنلىك بىلەن:

– ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، مەن ئەجرىمنى ئاللاھ تائالادىن تولۇق ئېلىشنى خالايمەن، – دېدى.

## ھېكمەت

ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشى ئۆزىنىڭ يارىتىلىش غايىسىگە ئۇيغۇن ياشىغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى، كائىناتتىكى ھەرنەرسە مۇئەييەن بىر غايە ۋە مەقسەت بىلەن يارىتىلغان، ئىنسانمۇ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئاللاھ تائالا بارلىق مەۋجۇداتنى ئۆزىگە بويسۇنىدىغان قىلىپ ياراتقان. شۇڭا، ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەت بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ: **«يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ (ئېيتقان) تەسبىھىنى چۈشەنمەيسىلەر»**[1].

[1] ئىسرا سۈرىسى، 44 - ئايەت.

## 17. يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام

چاقچاق قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بىر كىشى بىر كۈنى قاتتىق ئۇسساپ كېتىپ، ئۆيىدىن ئىچكۈدەك سۇ تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆگزىسىگە چىقىپ مەھەللە ئەھلىنى چاقىرىپ:

– ئوت كەتتى، تېز كېلىڭلار، سۇ ئېلىپ كېلىڭلار، – دەپ ۋارقىراپتۇ. پۈتۈن مەھەللە ئەھلى چېلەك - چۆگۈنلىرىگە سۇ تولدۇرۇپ، تېزلىكتە يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە ئوتتىن ھېچبىر ئەسەر يوق. ھەيران بولغان مەھەللە ئەھلى ئۇ كىشىدىن:

– قېنى ئۇ ئوت؟ كۆرمەيۋاتىمىزغۇ؟ – دەپ سوراپتۇ. ئادەم سۆزىگە كۈلكە ئارىلاشتۇرۇپ:

– ئۇ ئۆيۈمگەن كەتكەن ئوت ئەمەس، بەلكى ئىچىمنى كۆيدۈرگەن ئۇسسۇزلۇق ئوتى ئىدى. ئىچەي دېسەم، ئۆيۈمدە سۇ يوق، شۇڭا سىلەرنى چاقىرغان ئىدىم، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مەھەللە ئەھلىنىڭ بەزىسى ئۇنىڭ بۇ چاقچىقىغا كۈلۈپ قويۇپتۇ، بەزىسى ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپتۇ. يەنە بىر كۈنى ئۇ كىشى بۇ يالغانىنى قايتا تەكرارلاپتۇ. مەھەللە ئەھلى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، يەنە كەپتۇ. قارىسا، ئوتنىڭ دىدارى يوق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇ كىشىگە لەنەت ئوقۇپ، قايتىشىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە راستتىنلا ئوت كېتىپتۇ. ئادەم ئۆگزىسىگە چىقىپ، بار ئاۋازى بىلەن مەھەللە خەلقىدىن ياردەم

سوراپتۇ، ۋارقىراپتۇ، نالە - پەرياد قىپتۇ، يىغلاپتۇ. ئەمما، ھېچكىم ياردەمگە كەلمەپتۇ. ئۇ كىشى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ [1].

## ھېكمەت

چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ يالغان ئېيتىش دىنىمىزدا چەكلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ــــ خاتىرجەملىك، يالغانچىلىق ــــ ئەنسىزلىكتۇر»[2].

راستچىللىق پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھ مۆئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر. يالغانچىلىق بولسا، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ قىلىقىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. راست سۆزلەيدىغان ۋە ھەمىشە راستچىل بولۇشقا تىرىشىدىغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە‹راستچىل بەندە›دەپ يېزىلىدۇ. يالغانچىلىق گۇناھقا باشلايدۇ، گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ. يالغان ئېيتىدىغان ۋە يالغان ئېيتىشقا ئۇرۇنىدىغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە‹يالغانچى›دەپ يېزىلىدۇ» [3].

[1] مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەنىنەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» (ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

[2] سۇنەن تىرمىزىي، 42518 - ھەدىس.

[3] سەھىھۇل بۇخارىي، 6094 - ھەدىس.

## 18. ئەخلاقسىزلىق قانداق نورماللىشىدۇ؟

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ ئائىلىسىدە بىر قۇلاقلىق بىر بوۋاق تۇغۇلۇپتۇ. پادىشاھ خەلقنىڭ مەسخىرىسى ۋە سۆز - چۆچەكلىرىدىن قورقۇپ، قانداق قىلىش توغرۇلۇق ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن تالاش - تارتىشتىن كېيىن، بوۋاقنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىش ۋە يېڭى تۇغۇلغان بارلىق بوۋاقلارنىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىش قارارىغا كەپتۇ. پۈتۈن بوۋاقلارنىڭ بىر قۇلىقى كېسىلىپتۇ ۋە كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوۋاقلارنىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىش قانۇنغا ئايلىنىپتۇ.

يىللار ئۆتۈپ، بۇ مەملىكەتكە كەلگەن ھەرقانداق ئادەم قۇلىقى ئىككى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلىنىدىغان بوپتۇ.

بىر تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى تاش ئاستىدا قىسىلىپ قاپتۇ. تۈلكە پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، قاتتىق بىر تارتقان ئىكەن، قۇيرۇقى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. تۈلكە قۇيرۇقىدىن خىجىل بولۇپ، باشقا تۈلكىلەرنىڭ يېنىغا بارالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى بىر دوستى ئۇنى يوقلاپ كېلىپ:

ـ ئاداش نېمە بولدى؟ بىزگە ئارىلاشمايسەنغۇ، ـ دەپتۇ. قۇيرۇقى ئۈزۈك تۈلكە قۇيرۇقى ساق تۈلكىگە:

ـ ئاداش مەن قۇيرۇقۇمنى كېسىۋېتىپ، بەك راھەتلىنىپ قالدىم، كۆڭلۈممۇ بەك خۇشال. شۇڭا، باشقىلارغا قوشۇلۇشقا ئېھتىياجىم قالمىدى، ـ دەپتۇ. قۇيرۇقى ساق تۈلكە:

— ۋاي ئاداش! بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ قۇيرۇقىنى كەسسە، ئاغرىمامدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قۇيرۇقى ئۈزۈك تۈلكە مەككارلىق بىلەن ھېيجىيىپ:

— ياق ئاداش، بەك راھەت ئىش ئىكەن. كۆرمىدىڭمۇ؟ ھازىر مەن بەك خۇشال، — دەپتۇ. قۇيرۇقى ساق تۈلكە:

— ئۇنداقتا، مەنمۇ كېسەيمۇيا ئاداش، — دەپتۇ.

قۇيرۇقى ئۈزۈك تۈلكە خۇشال بولۇپ:

— ئەلۋەتتە، كەسكىن ئاداش. بەك ياخشى بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئىككىمىز باشقا تۈلكىلەر ئالدىدا پو ئاتىمىز، تېز كېسەيلى! — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى كېسىلىپتۇ. تۈلكە ئاغرىقتىن ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئاداش ئاغرىمايدۇ دېگەنتىڭغۇ، — دەپ رەنجىپتۇ. قۇيرۇقى ئۈزۈك تۈلكە:

— ئاداش، ئەمدى ئىككىمىز ئوخشاش بولدۇق. باشقىلارنىڭ يېنىغا بارساق بىزنى زاڭلىق قىلىدۇ، شۇڭا ھەممە تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى كەستۈرەيلى، — دەپتۇ.

ئىككى تۈلكە نەيرەڭۋازلىق قىلىپ، ئورماندىكى بارلىق تۈلكىلەرنىڭ قۇيرۇقىنى كەستۈرۈپتۇ. سىرتتىن كەلگەن قۇيرۇقى ساق تۈلكىلەرنى ئەيىبلەيدىغان، ھەتتا ئورمانغا پاتقۇزمايدىغان بوپتۇ.

## ھېكمەت

ئەخلاقسىزلىق ئىنسانلاردا ئەخلاقنىڭ چىرىكلىشىشى، قىممەت قاراشنىڭ يوقىلىشى ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدىغانلارنىڭ تۈگەپ كېتىشى ياكى كىشىلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدىغان بولۇپ كېتىشى بىلەن نورماللىشىدۇ. ئۇ چاغدا ئەخلاقلىق كىشىلەر

ئەيىبلىنىدىغان، ئەخلاقسىزلار مەدھىيەلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىشىدىكى سەۋەب ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **«لۇت قەۋمىنىڭ بىردىنبىر جاۋابى: ‹ئۇلار (يەنى لۇت ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى)نى يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى پاك ساقلايدىغان كىشىلەر› دېيىشتىن ئىبارەت بولدى»**[1].

[1] ئەئراف سۈرىسى، 82 - ئايەت.

## 19. زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ

بىر باي ئۆمۈر بويى ئىشلەپ، مىليونلارچە پۇل تېپىپ، ئەمدى پۇلنىڭ راھىتىنى كۆرەي دېگەندە، ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام جېنىنى ئالغىلى كەپتۇ. باي:

ــ ئىشلىرىم تېخى تۈگىمىگەن ئىدى، ئازراق پۇرسەت بەرسەڭ؟ ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئەزرائىل:

ــ ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ بولالمىغان ئىشلىرى كۆپ ئىدى، ئەجەل كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، ــ دەپتۇ. ئادەم يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

ــ ئۆمرۈمنى بىر يىل ئۇزارتقىن، بايلىقىمنىڭ يېرىمىنى بېرەي، ــ دەپتۇ. ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام:

ــ ياق، بولمايدۇ، ــ دەپتۇ. ئادەم يەنە يالۋۇرۇپ:

ــ ئۇنداقتا، بىر ئاي، بىر ھەپتە، بىر كۈن، بىر سائەت مۆھلەت بەرگىن، مەن بايلىقىمنىڭ ھەممىسىنى بېرەي، ــ دەپتۇ. ئەزرائىلنىڭ جاۋابى يەنىلا «ياق» بوپتۇ. ئادەم:

ــ ئەمىسە، بىر مىنۇت مۆھلەت بەرگىن ئوغلۇمغا خەت يېزىۋالاي، ــ دەپتۇ. ئەزرائىل ماقۇل بوپتۇ. ئادەم ئوغلىغا:

ــ ئوغلۇم ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىل، ئۇنى چىڭ تۇت. مەن پۈتۈن بايلىقىمغا بىر سائەت ۋاقىتنى سېتىۋالالمىدىم، ــ دەپ

يېزىپتۇ.

## ھېكمەت

ھاياتىدا كاتتا ئىشلارنى روياپقا چىقىرىپ، تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقتىنىڭ قىسلىقىدىن قاقشاپ تۇرۇپ، ۋاقتى كۆپ ئادەملەر قولغا كەلتۈرەلمىگەن نۇرغۇن كاتتا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەسلىدە، ئۇلار ئاز ۋاقىتتا كۆپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئادەت يېتىلدۈرگەن. ئەكسىچە، ھەرقانداق ئىشقا «ۋاقتىم بارغۇ» دەپ مۇئامىلە قىلىدىغانلار نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ، پىلانلىغان ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي ۋاز كېچىپ، ئۇ ئىشلارغا سەرپ قىلغان ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتىدۇ.

ۋاقىت بىباھا بايلىق. دۇنيادا ھەممە نەرسىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما ۋاقىتنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ۋاقىت بىزنىڭ بىر پارچىمىز. ئۆتۈپ كەتكەن ھەربىر كۈن، ھەربىر سائەت ئۆمرىمىزدىن ئېلىپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نۇرغۇن كىشىلەر قىممىتىنى بىلمەي ئالدىنىپ قالىدىغان ئىككى نېمەت بار: بىرى، تەن ساقلىقى، يەنە بىرى، بوش ۋاقىتتۇر»[1] دېگەن.

[1] سەھىھۇل بۇخارىي، 6412 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 20. كىشىلەرگە كەڭچىلىك قىلغۇچىغا ئاللاھمۇ كەڭچىلىك قىلىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدە بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ كۆپ ئىبادەت قىلالمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەرگە كۆپ ياخشىلىق قىلاتتى. باشقىلارغا قەرز بېرىپ تۇراتتى، قايتۇرۇش ۋاقتى كەلگەندە، خىزمەتچىلىرىنى قەرز سۈيلەشكە ئەۋەتىپ: ‹قايتۇرالايدىغانلاردىن قايتۇرۇپ ئېلىڭلار، قايتۇرالمايدىغانلاردىن قەرزلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار› دەپ بۇيرۇيتتى. خىزمەتچىلىرىمۇ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرەتتى.

ئۇ كىشى ۋاپات بولۇپ، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا چىقىرىلغاندا، ئۇنىڭدىن: ‹ياخشى ئەمەللىرىڭ بارمۇ؟› دەپ سورالدى. ئۇ: ‹ياق، مەن (تىلغا ئالغۇدەك) ياخشى ئەمەل قىلالمىغان ئىدىم، لېكىن كىشىلەرگە قەرز بېرىپ تۇرۇپ، قايتۇرالمايدىغانلارنىڭ قەرزىنى ئۆچۈرۈۋېتەتتىم› دەپ جاۋاب بەردى. ئاللاھ تائالا: ‹بەندىمىزنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈشكە بىز ئۇنىڭدىنمۇ ھەقلىقمىز. ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ، جەننەتكە كىرگۈزۈڭلار› دەپ ئەمر قىلدى»[1].

### ھېكمەت

باشقىلارغا كەڭچىلىك قىلىش ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئېسىل خىسلەتتۇر. باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلساق، شۇنداق مۇئامىلىگە ئېرىشىمىز.

[1] سەھىھۇل بۇخارىي، 3480 - نومۇرلۇق؛ سەھىھ مۇسلىم، ١٥٦٢ - نومۇرلۇق ھەدىس.

باشقىلارغا كەڭچىلىك قىلساق، ھەتتا زوروُر تېپىلغاندا ھەققىمىزدىن ۋاز كەچسەك، بۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىشتىن ئىلگىرى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرۈشكە باشلايمىز. قىلغان ياخشىلىقىمىز ئۆزىمىزگە ياكى پەرزەنتلىرىمىزگە چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ.

## 21. بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانى كۆرگىلى بولمايدۇ

ئامېرىكىلىق مەشھۇر پەيلاسوپ، ئىجادكار ئالىم بىنجامىن فرانكلىن (Benjamin Franklin ) ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، سىنىپتا دەرس سۆزلەۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ مۇئەللىم، ـ دېگىنىچە سۆز باشلىدى ۋە مۇنداق بىر سوئالنى سورىدى:

ـ سىز ھەمىشە ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە سۆزلەيسىز، ئۇنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرەلەمسىز؟

فرانكلىن ئوقۇغۇچىلىرىنى مەكتەپنىڭ باغچىسىغا ئېلىپ چىقىپ، قۇياشقا تىكىلىپ قاراشقا بۇيرۇدى. ۋاقىت چۈش ۋاقتى بولۇپ، قۇياشنىڭ نۇرى كۆزلەرنى خىرەلەشتۈرۈۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرى خىرەلەشكەنلىكتىن قۇياشقا قارىيالمايۋاتقان ۋە كۆزلىرى ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆرۈپ، مۇنداق دېدى:

ـ باللىرىم! بۇ قۇياش ئاللاھ ياراتقان بىر سەنئەتتۇر. سىلەر بۇ كۆزۈڭلار بىلەن ئاللاھنىڭ سەنئىتىنى كۆرەلمەي تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىنى كۆرەلەيسىلەر؟

### ھېكمەت

قۇرئان كەرىمدە: «**كۆزلەر ئاللاھنى ئىدراك قىلالمايدۇ، ئاللاھ كۆزلەرنى**

**تولۇق بىلىدۇ»**[1] دەپ كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ تائالانى بۇ دۇنيادا كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئاخىرەتتە مۆئمىنلەرلا كۆرىدۇ. **«قىيامەت كۈنىدە، نۇرغۇن يۈزلەر نۇرلۇق بولىدۇ، رەببىگە قاراپ تۇرىدۇ»**[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەگەر بىز «كۆرگىنىمىزگىلا ئىشىنىمەن، كۆرمىگىنىمگە ئىشەنمەيمەن» دېمەكچى بولساق، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنىڭ بولغانلىقىنى، ئاپراسىياپ، ئوغۇزخان، سۇتۇق بوغراخان، مەھمۇد قەشقىرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بىز بۇ ئۇرۇشلارنى ۋە مەزكۇر ئەجدادلىرىمىزنى كۆرمىدۇق، پەقەت تارىخلاردىن ئوقۇپلا ئىشەندۇق. بىز تارىخ كىتابلىرىغا شۇ قەدەر ئىشىنىمىز - يۇ ، ساماۋى (ئاللاھ چۈشۈرگەن) كىتابلارنىڭ «ئاللاھ باردۇر!» دېگەن سۆزىگە نېمە ئۈچۈن ئىشەنمەيمىز؟

---

[1] ئەنئام سۈرىسى، 103 - ئايەت.

[2] قىيامەت سۈرىسى، 22 -، 23 - ئايەتلەر.

# 22. ئۆلتۈرمىگەن ئازاب كۆچلەندۈردۇ

بىر ئوتۇنچى ھەر كۈنى ئۆزى پىششىق بىلىدىغان يول بىلەن ئورمانغا بېرىپ، ئوتۇن كېسىپ كېلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە مەغرۇرلىنىپ: «بۇ ئورماننى مەندىنمۇ ياخشى بىلىدىغان ئادەم يوققۇ دەيمەن، چۈنكى كۆزۈمنى تېڭىپ قويۇپمۇ يولۇمنى تاپالايمەن» دەپ پىچىرلاپتۇ.

ئۇ ئورماندىن قايتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، تۇساتتىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ، تاغدىن چۈشكەن قورام تاشلار ئۇنىڭ ھەر كۈنى مېڭىپ كېلىۋاتقان يولىنى تامامەن توسۇۋاپتۇ. ئوتۇنچى دەرھال ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ، ناتونۇش بىر يولغا كىرىپ قاپتۇ. ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە قايمۇقۇپ قالغانلىقتىن، ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆيىنىڭ يولىنى تاپالماپتۇ.

بۇ جەرياندا، ئۇ قاتتىق ئاچلىق ۋە سۇسىزلىق تارتىپ، ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. ئوتۇنچى ئورماندا بىر قانچە كۈن قورسىقى ئاچ، ئۇسسۇز ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن، ئۇزاق بىر يەردىن تۈتۈن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ ۋە ئاخىرى ئۆيىنى تېپىپتۇ.

ئەسلىدە، بۇ تۈتۈن ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىش ئۈچۈن بەرگەن بەلگىسى ئىكەن. ئوتۇنچى بىر قانچە كۈن ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. ئاندىن ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كېلىپ، ئۆيىنى تاپالماي ئادىشىپ يۈرگەن جايلارنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ چىقىپتۇ. ئۇ كۈچىنى يىغىپ، ئاشۇ ئۆزى يېڭىدىن «بايقىغان» جايلارغا قايتا

بېرىپ، ھېچكىمنىڭ قولى تېگىپ باقمىغان ياغاچلارنى كېسىپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىش ئارقىلىق نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئېرىشىپتۇ ۋە بۇرۇنقى ئوتۇنچىلىق تۇرمۇشىدىن قۇتۇلۇپ، كاتتا سودىگەرگە ئايلىنىپتۇ.

## ھېكمەت

بۇ قىسسىدىكى ئوتۇنچى ئورماندا ئېزىپ قېلىپ، ئۆيىنى تېپىش يولىدا تارتقان جاپالىرى بەدىلىگە كېسىپ تۈگەتكۈسىز كۆپ ياغاچلارغا ئېرىشتى. شۇنىڭدەك، ھاياتتىكى قىيىنچىلىقلار بىزنى تاۋلايدۇ، كۈچىمىزنى ئاشۇرىدۇ. ھايات ئۇزۇن بىر فىلىمغا ئوخشايدىغان بولۇپ، نۇرغۇن قېتىم تاللاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن ئۇ ھەمىشە چىدامىلىق ۋە ئىرادىلىكلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

بېشىمىزغا كەلگەن بوران - چاپقۇنلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشىمىزنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەزىلىرى بىزنى سەگىتىش، بەزىلىرى بىزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش، يەنە بەزىلىرى يولىمىزدىكى توسالغۇلارنى تازىلاپ، يېڭى يول ئېچىش ئۈچۈن كېلىدۇ.

## 23. نادان بىلەن تەڭ بولۇش نادانلىقتۇر

بىر كۈنى ئورمانلىقتا ئېشەك بىلەن بۆرە گەپ تالىشىپ قاپتۇ. بۆرە چىمەنى «يېشىل» دېسە، ئېشەك «ئاق» دەپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە ئەسلا قويۇپ بەرمەپتۇ ياكى بىر - بىرىنى قايىل قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئورمان پادىشاھى شىرنىڭ ئالدىغا دەۋا قىلىپ بېرىپتۇ. شىر ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بۆرىنى جازالاشقا بۇيرۇپتۇ. بۆرە بۇ ئادالەتسىز ھۆكۈمگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

ــ پادىشاھى ئالەم! ئۆزلىرىگىمۇ ئايانكى، چىم يېشىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يېشىل دېدىم. مەن ھېچقانداق خاتا گەپ قىلمىغان تۇرسام، نېمە ئۈچۈن مېنى جازالايلا؟ ــ دەپتۇ. شىر بۆرىگە جاۋاب بېرىپ:

ــ چىمەنىڭ يېشىل ئىكەنلىكى راست، سېنىڭ خاتا گەپ قىلمىغانلىقىڭمۇ راست. ئەمما، سەن بىر ئېشەك بىلەن تەڭ بولۇپ، گەپ تالاشقانلىقىڭ ئۈچۈن مۇشۇ جازاغا لايىق، ــ دەپتۇ.

### ھېكمەت

گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان نادانلار بىلەن تەڭ بولمايدۇ. چۈنكى، نادان بىلەن تەڭ بولۇش ئۆزىنى نادان بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ياخشى بەندىلىرىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: **«رەھمان ئاللاھنىڭ (ياخشى) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ، تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ. نادانلار ئۇلارغا (نالايىق) سۆزلەرنى قىلسا، ئۇلار: «ئامان بولۇڭلار» دەيدۇ (يەنى گۈزەل سۆزلەرنى**

**قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ)»**[1].

ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەپ بۇيرۇغان: **«ئەپۇچانلىق يولىنى تۇتقىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن ۋە نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن»**[2].

[1] فۇرقان سۈرىسى، 63 - ئايەت.

[2] ئەئراف سۈرىسى، 199 - ئايەت.

## 24. توپا باسقان قۇرئان

بىر كۈنى مەلۇم بىر مەھەللىنىڭ ئىمامى مەھەللە جامائىتىدىن بىرىنىڭ ئۆيىگە ئىپتارغا بېرىپتۇ. ئىپتاردىن كېيىن ئۆي ئىگىسى داستىخان يىغىشتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، دېرىزىدىن كىرگەن كۈچلۈك شامال ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىر سىقىم پۇلنى يەرگە ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. ئۆي ئىگىسى بۇنى سەزمەپتۇ، لېكىن ئىمام يەردىكى پۇللارنى ئېلىپ، قايتا شامال ئۇچۇرۇۋەتمىسۇن دەپ تەكچىدە تۇرغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپتۇ. ئاندىن دۇئا قىلىپ، چىقىپ كېتىپتۇ.

ئىمام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ساھىبخان ئۈستەلدىكى پۇلنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۆي ئىچىنى ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە: «ئۆيگە ئىمامدىن باشقا مېھمان كىرمىگەن تۇرسا، بۇ پۇلنى ئىمامدىن باشقا كىم ئالىدۇ؟» دېگەن گۇمان چۈشۈپتۇ. ئويلىغانسىرى گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئىمامغا بەك ئاچچىقى كەپتۇ. ئەمما، يۈزىگە سالالماي، كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ يۈرۈپتۇ.

كېيىنكى يىلى رامىزان ئېيىدا، مەھەللە جامائىتى يەنە نۆۋەتلىشىپ ئىمامنى ئىپتارغا چاقىرغىلى تۇرۇپتۇ. ھېلىقى كىشىمۇ ئىمامنى يامان كۆرسىمۇ، قاتاردىن قالماسلىق ئۈچۈن ئۇنى ئىپتارغا چاقىرىپتۇ. ئىپتاردىن كېيىن، ئىمامنىڭ كۆزى يەنە تەكچىدىكى قۇرئانغا چۈشۈپتۇ. ئىمام ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قۇرئاننى قولىغا ئېلىپ ئاچقانىكەن، ئۆتكەن يىلى رامىزاندا ئۆزى سېلىپ قويغان

پۇللارنى كۆرۈپتۇ. ئەمما قاتتىق ئويغا پېتىپتۇ. ئاندىن ئېچىنغان ھالدا ساھىبخانغا بۇرۇلۇپ:

– بىزنىڭ ھالىمىز نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق - ھە! «ئۇلۇغ ئەڭگۈشتەرىمىز بار» دەپ پەخىرلىنىمىز، تەكچىگە تىزىپ قويۇپ ھۆرمەتلەيمىز. ئەمما، يىلدا بىرەر قېتىممۇ ئېچىپ، ئوقۇپ قويمايمىز. بۇ قانداق مۇسۇلمانچىلىق؟ – دەپتۇ.

ساھىبخان شۇ چاغدىلا، پۇلنىڭ بىر يىلدىن بېرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئىچىدە ساقلانغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قۇرئاننى بىر يىل ئىچىدە بىر قېتىممۇ ئېچىپ باقمىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆز - ئۆزىدىن خىجىل بوپتۇ ۋە ئەمامدىن ناھەق گۇمانلانغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.

## ھېكمەت

قۇرئان كەرىم – ئوقۇپ، مەنىسىنى چۈشىنىشىمىز ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن ھاياتلىق دەستۇرىدۇر. لېكىن، تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە، كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنى ئۆيىدە ساقلاش ياكى ماشىنىسىدا قويۇش ياكى ئايەتلىرىنى زىننەت ئۈچۈن تامغا ئېسىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىمەكتە. ئۇنى قەرەللىك ئوقۇپ تۇرۇشقا ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەيۋاتماقتا. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **«(ئى پەيغەمبەر! بۇ قۇرئان) ئايەتلىرىنى ئۇلارنىڭ (ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىشى ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز _ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر»**[1].

[1] ساد سۈرىسى: 29 -ئايەت.

# 25. سەدىقە بالانى يەر، تەۋبە گۇناھنى يەر

سۈرىيەلىك بىر سەيپۇڭ ئۇستام مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: سۈرىيەدە ئىچكى ئۇرۇش پارتلاشتىن يىگىرمە يىل بۇرۇن، بىر كۈنى ئەتىگەندە دۇكىنىمدا ئولتۇرسام، ئېرىدىن تۇل قالغان بىر قوشنام ئىنتايىن كونىراپ كەتكەن بىر تىكىش ماشىنىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنى ئىجارىگە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەسلىدە، بىزنىڭ ماشىنىغا ئېھتىياجىمىز يوق ئىدى، لېكىن مەن ئايالنىڭ كۆڭلىنى ياساش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن دەرھال قوشۇلدۇم ۋە قانچە پۇلغا ئىجارىگە بېرىدىغانلىقىنى سورىدىم. ئايال ئايلىقىنى ئۈچ مىڭ لىراغا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ماشىنىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئايالنىڭ قولىغا ئۈچ مىڭ لىرا پۇل بەردىم. ئايال چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ماشىنىنى دۇكاننىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇپ قويدۇم. چۈنكى، ئۇ كونا مودېل بولغاچقا ئىشلەتمەيتتۇق. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئايالغا ئون يىل ھەر ئايدا ئۈچ مىڭ لىرادىن پۇل بېرىپ تۇردۇم.

كۈنلەر ئۆتۈپ، دۇكاننى كېڭەيتىش ئۈچۈن ھۈنەرۋەنلەر كوچىسىدىكى يېڭى بىر جايغا كۆچىدىغان بولدۇق. ئىشچىلار دۇكاندىكى بارلىق سايمان ۋە نەرسە - كېرەكلەرنى ماشىنىغا بېسىپ، ھېلىقى تىكىش ماشىنىسىنى تاشلاپ قويۇپتۇ. مەن ئۇلارغا: «ئۇنىمۇ دەرھال بېسىڭلار!» دېسەم، ئۇلار ئىشقا يارىمايدىغان كونا ماشىنىنى يۆتكەپ يۈرۈشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى ئېيتىشتى. لېكىن، مەن ئۇنى ئالمىساق قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئامالسىز ماشىنىغا بېسىشتى.

شۇنىڭدىن يەنە ئون يىل ئۆتۈپ، سۇرىيەدە دەھشەتلىك ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى. بومباردىماندا ئەتراپىمىزدىكى بارلىق دۇكانلار ۋەيران بولۇپ، پەقەت بىزنىڭ دۇكىنىمىزلا مۆجىزىلەرچە ساق قالدى. ئۇ ئايالمۇ ئۇرۇش قايىنىمىدا بىر قانچە يىل يوقاپ كەتتى، تېلېفونىمۇ ئۇلانمىدى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا تۇيۇقسىز تېلېفون قىلىپ قالدى. تېلېفوندا ئۆزىنىڭ ھازىر ياۋروپادا ئىكەنلىكىنى ۋە يېقىندا بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، چۈشىدە: «دۇكان ئاشۇ تىكىش ماشىنىسى سەۋەبلىك ساق قالدى» دېگەن ئاۋاز ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. ئايالنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق يىغلاپ كەتتىم. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى ئاشۇ ئايالغا قىلغان ياردىمىمىز، يەنى ئاشۇ كونا تىكىش ماشىنىسىغا بەرگەن ئىجارە پۇلىمىز سەۋەبلىك بۇ چوڭ بالا - قازادىن ساقلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدىم».

## ھېكمەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «خەيرى - ئېھسان بالا - قازادىن ساقلايدۇ»[1].

بىزنىڭ كىشىلەرگە قىلغان ئازغىنا ياخشىلىقىمىزمۇ بىزنى كېيىنچە - كۈندۈزنىڭ تۈرلۈك بالا - قازالىرىدىن ساقلاپ قالىدۇ. بىز بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ھېس قىلمىز ياكى ھېس قىلماي ئۆتۈپ كېتىمىز. لېكىن، ياراتقۇچى ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ، كۆرۈپ ۋە ھېسابلاپ تۇرىدۇ ھەمدە بەندىسىنىڭ ياخشىلىقىنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ.

---

[1] تەبەرانىي، مۇئجەمۇل ئەۋسەت، 3796 - نومۇرلۇق ھەدىس.

# 26. پىسخىك كېسەللىكلەرنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىسى ئاللاھنى ئەسلەشتۇر

ئامېرىكىدىكى مەلۇم بىر مەسجىدكە بىر ئىنگلىز ئايال پات - پات ناماز ۋاقىتلىرىدا كىرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، ئۇ ئايال ئىسلامىي كىيىنمىگەن بولۇپ، بېشى ئوچۇق، كىيىملىرىمۇ قىسقا ئىكەن. مەسجىد جامائىتى: «بۇ ئايال يېقىن مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمىگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ ۋە سىكلىلاردىن بىرىدىن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، نامازدا بېشىنى يېپىشى ۋە بەدىنىنى تولۇق ياپىدىغان كىيىم كىيىشى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. سىكىل ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئاللاھ نامىزىڭىزنى قوبۇل قىلسۇن، ئارىمىزغا قوشۇلغانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمىز، — دەپتۇ. ئايال سەمىمىيلىك بىلەن:

— مەن مۇسۇلمان ئەمەس. مېنىڭ ئىچىم سىقىلىدىغان، قەلبىم ئارام تاپمايدىغان پىسخىك كېسىلىم بار. شۇڭا، ھەپتىدە بىر قانچە قېتىم بۇ مەسجىدكە كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ نامازدىكى قىرائىتىنى ئاڭلاپ كېتىمەن. قىرائەتنى ئاڭلىسام‌لا، بىر قانچە كۈنگىچە ئىچىم راھەتلىنىپ، كەيپىياتىم ياخشىلىنىدۇ، ئۆزۈمنى ئىنتايىن ياخشى ھېس قىلىپ قالىمەن. مەن پەقەت مۇشۇ ئاراملىق ئۈچۈنلا بۇ مەسجىدكە كېلىمەن. خۇسۇسەن، ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان نامازلارنى تاللاپ كېلىمەن، — دەپتۇ.

## ھېكمەت

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «**بىلىڭلاركى، قەلبلەر پەقەت ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەنلا ئارام تاپىدۇ**»[1]. ناماز ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنىڭ ئەڭ يارقىن ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ: «**مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن**»[2] دېگەن ئايىتى بۇ ھەقىقەتنى دەلىللەيدۇ. شۈبھىسىزكى، بىز ئىخلاس بىلەن ئوقۇغان نامازلىرىمىزنىڭ ۋە ئاڭلىغان قىرائەتلىرىمىزنىڭ پايدىسىنى ئاخىرەتكە بارماي تۇرۇپلا مۇشۇ دۇنيادا قەلب خاتىرجەملىكى، روھىي ساغلاملىق دېگەندەك خىلمۇخىل شەكىللەردە چوقۇم كۆرىمىز. ئاللاھنى ئۇنتۇش – روھىي كېسەللىكلەرنىڭ بېشى، ئاللاھنى ياد ئېتىش بولسا پۈتۈن دەردلەرنىڭ شىپاسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «**ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت، قەلبلەردىكى (كېسەل)لەرگە شىپا، مۇئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى**»[3].

[1] رەئد سۈرىسى، 28 - ئايەت.

[2] تاھا سۈرىسى، 14 - ئايەت.

[3] يۇنۇس سۈرىسى، 57 - ئايەت.

## 27. ئامانەتنىڭ چوڭ - كىچىكى يوق

ئامانەتنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىنتايىن ئېغىر. مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل خىسلەتلىرىدىن بىرى ـ ئامانەتنى ئۆز ۋاقتىدا، تولۇق ئادا قىلىشتۇر. گېرمانىيەدىكى مەلۇم بىر فابرىكىدا ئىشلەيدىغان بىر مۇسۇلمان يىگىت فابرىكا خوجايىنىدىن بىر ئايلىق رۇخسەت تەلەپ قىپتۇ. خوجايىن :

ـ ھازىر ياز پەسلى بولمىغاچقا، ساڭا بىر ئايلىق رۇخسەت بېرىش سەل قىيىن. سەن بۇ رۇخسەتنى يازدا ئالساڭ بولمامدۇ؟ ـ دەپتۇ. يىگىت:

ـ مەن مۇسۇلمان، دىنىمىز بىزگە ھەج قىلىشنى پەرز قىلغان. شۇڭا، مەن مۇقەددەس ھەرەمگە بېرىپ، ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلماقچىمەن. ھەجنى خالىغان ۋاقىتتا قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ بېكىتىلگەن مەلۇم ۋاقتى بار. ئەگەر مەن يازغىچە كۈتسەم، ھەج مەۋسۇمى ئۆتۈپ كېتىدۇ، ـ دەپتۇ.

خوجايىن بۇنى ئاڭلاپ:

ـ ھە، مۇنداق گەپمىتى؟ باشتا ئېنىقراق دېسەڭ بولمامتى؟ مەيلى، ئۇنداقتا دەرھال بارغىن، ساڭا رۇخسەت بەردىم، ـ دەپتۇ.

يىگىت سەپەرگە چىقىدىغان كۈنى خوجايىن بىلەن خوشلىشىپ، ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرغان چاغدا، خوجايىن ئۇنىڭغا قاراپ:

ـ ئۇنتۇپ قالما، مۇھەممەدكە سالامىمنى يەتكۈز، ـ دەپتۇ. يىگىت ئالدىراپ - تىنەپ:

ـ ماقۇل! دەپلا چىقىپ كېتىپتۇ.

يىگىت ھەج ئىبادىتىنى تۈگىتىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە بېرىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرە شەرىپى ئالدىغا كېلىپ، دۇرۇد ئوقۇپتۇ، سالام بېرىپتۇ. يىگىت مۇبارەك مەسجىد نەبەۋىدىن چىقاي دەپ تۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز خوجايىنىنىڭ سۆزى ئېسىگە كەپتۇ ۋە دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ، قەبرە شەرىپ ئالدىغا بېرىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! ئۆزلىرىگە گېرمانىيەلىك پالانى مۇدىر (خوجايىنىم) سالام ئېيتتى» دەپ، زىممىسىدىكى ئامانەتنى ئادا قىپتۇ.

يىگىت ھەج سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، فابرىكىغا قايتىپ بارغىنىدا، خوجايىنىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى كۆرۈپ، چەكسىز سۆيۈنۈپتۇ.

## ھېكمەت

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **«ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر»**[1].

ئامانەت پەقەت ماددىي نەسىلەرگىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى سۆزنىمۇ، ھەتتا سالامنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، بىرى «پالانىغا سالام ئېيتىڭ» دېسە، ئۇ سالامنى ئامانەت بىلىپ، ئىگىسىگە يەتكۈزۈش لازىم.

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى، 8 - ئايەت.

## 28. ناشۈكۈرلۈك ئازابتۇر

ئۆتكەن زاماندا، بىر پادىشاھ بولۇپ، ھەمىشە غەمكىن يۈرىدىكەن، پەقەت خۇشال بولالمايدىكەن. ئەمما، قەسىرگە يانداش كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق ئۆيدە بالىلىرى بىلەن تۇرىدىغان بىر خىزمەتكار بولسا، ناھايىتى خۇشال ياشايدىكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ كۈلكە سادالىرى قەسىرگىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان پادىشاھ ۋەزىرىدىن:

– مەن بىر پادىشاھ تۇرۇقلۇق، ھەممە نەرسەم تولۇق، كېمىم يوق تۇرۇپمۇ نېمىشقا خۇشال بولالمايمەن؟ بۇ خىزمەتكار شۇنچە موھتاج ۋە نامرات تۇرۇپمۇ نېمىشقا بۇنچە خۇشال ياشىيالايدۇ؟ – دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر جاۋاب بېرىپ:

– پادىشاھىم! ئۇنداقتا، بىز ئۇنىڭغا «99 ھىيلىسى» ئىشلىتىپ باقايلىمۇ؟ – دەپتۇ. پادىشاھ:

– نېمە ئۇ «99 ھىيلىسى» دېگەن؟ – دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر چۈشەندۈرۈپ:

– بىر خالتىغا 99 دىرھەم پۇل سېلىپ، ئۈستىگە «100 دىرھەم» دەپ يازىمىز. ئاندىن ئۇنى خىزمەتچىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تاشلاپ قويىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆزگىرىشنى ئۆزلىرى كۆرىلا، – دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپتۇ. ۋەزىر ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، پۇل تولدۇرۇلغان خالتىنى خىزمەتچىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قويدۇرۇپتۇ ۋە ئىشىكنى قېقىپ قويۇپ كېتىشكە بۇيرۇپتۇ.

خىزمەتچى دەرھال تاشقىرىغا چىقىپتۇ ۋە خالتىنى كۆرۈپ، ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇ بالىلىرى بىلەن خالتىدىكى دىرھەملەرنى خۇشاللىق بىلەن ساناپ چىقىپتۇ، لېكىن خالتىدىكى پۇل 99 دىرھەم چىقىپتۇ. ئۇلار كەم چىققان ئاشۇ بىر دىرھەمنى تېپىش ئۈچۈن كىچىككىنە ئۆينى، ھەتتا ھويلىنى ئىزدەپ، قاتتىق چارچاپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ئۇ خىزمەتكارنى ھوزۇرىغا چاقىرتىپتۇ. خىزمەتكار روھى چۈشكەن، سولغۇن ۋە ھارغىن بىر ھالەتتە پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا چىقىپتۇ. پادىشاھ خىزمەتكارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ۋەزىرنىڭ مەقسىتىنى دەررۇ چۈشىنىپتۇ.

## ھېكمەت

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «**ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ (ئاتا قىلغان) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر**»[1]. ئۇ يەنە بىر ئايەتتە: «**ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن**»[2].

ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە بەرگەنلىرى بەرمىگەنلىرىدىن كۆپ. ئەمما، بىز كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىزدە بار نېمەتلەرنى ئۇنتۇپ، يوقلىرى ئۈچۈن قاقشايمىز. ئەگەر بىلسەك، بىز پۈتمىگىنىڭ ئۈچىدىن باشلاپ چوققىمىزغا قەدەر پۈتۈنلەي نېمەت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. پۈتۈن ئەزالىرىمىز ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قوغدىلىپ تۇرىدۇ.

[1] نەھل سۈرىسى، 18 - ئايەت.

[2] ئىبراھىم سۈرىسى، 7 - ئايەت.

## 29. قاقشاشتىن چارە ئىزدەش ئەۋزەل

ئۆتكەن زاماندا، بىر پادىشاھ خەلقنى سىناش ئۈچۈن كىشىلەر كۆپ ئۆتىدىغان بىر يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا يوغان بىر تاشنى قويدۇرۇپتۇ. ئاندىن يولغا يېقىن بىر توپ دەرەخنىڭ دالدىسىغا نازارەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى كۆزىتىشكە بۇيرۇپتۇ.

شەھەرنىڭ مەشھۇر بايلىرىدىن بىرى بۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يولنى توسۇپ تۇرغان بۇ يوغان تاشنى كۆرۈپتۇ - دە:

– بۇنى يول ئوتتۇرىسىغا قايسى نائەھلى قويغاندۇ؟ – دەپ تىللاپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاندىن بىناكارلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر كىشى يولدىن ئۆتۈۋېتىپ:

– قانداق قاملاشمىغان ئىش بۇ؟ – دەپ غۇدۇراپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئارقىدىنلا يەنە بىر قانچە نەپەر ياش يولدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلارمۇ:

– بۇ تاشنى قايسى ناكەس قويۇپ قويغاندۇ؟ چوقۇم قەستەن قويغان گەپ! – دەپ ئاچچىقلىنىپ ۋە قاقشاپ قويۇپ، تاشنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يولغا راۋان بوپتۇ.

بىر ئازدىن كېيىن، بۇ يولدىن بىر دېھقان ئۆتۈپتۇ. ئۇ يولدىكى تاشنى كۆرۈپ، لام - جىم دېمەيلا يۆتكىۋەتمەكچى بولۇپ، تۇتۇش قىپتۇ. لېكىن، تاش بەك ئېغىر بولغاچقا، كۈچى يەتمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يولدىن ئۆتكەن كىشىلەردىن ياردەم سوراپ، تاشنى بىرلىكتە يۆتكىۋېتىپتۇ.

دېھقان تاش قوزغالغان جايغا قارىسا، بىر ساندۇق تۇرغۇدەك.

ساندۇقنى ئېچىپ كۆرسە، ئىچىدىن بىرقانچە تىللا بىلەن بىر پارچە خەت چىقىپتۇ. خەتتە مۇنداق يېزىلغان ئىكەن:

«پادىشاھتىن بۇ تاشنى يولدىن ئېلىۋەتكەن ئەزىمەتكە سالام! بۇ تىللالار قىينچىلىقتا يولۇققاندا قاقشاپ، ئاھ ئۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ئورنىغا قىينچىلىقنى ھەل قىلىشقا ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ھەربىر ئىجابىي ئىنسانغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر».

## ھېكمەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمان يەتمىش نەچچە (ياكى ئاتمىش نەچچە) شاخچىدۇر. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭى ‹لائىلاھە ئىللەللاھ› (ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق) دېيىش، ئەڭ كىچىكى بولسا، يولدىكى كىشىلەرگە زىيانلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر»[1].

يەنى ئىماننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنىش بولسا، ئەڭ تۆۋەن پەللىسى كىشىلەرنى زىيان - زەخمەتتىن قوغداشتۇر. مۇھىم بولغىنى، بىزدە كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزۈش ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرنى تۈرلۈك زىيان - زەخمەتلەردىن قوغداش روھىنىڭ يېتىلىشىدۇر. مۇشۇنداق ئالىجاناب روھ يېتىلگەندە، ئىنسان ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەمىيلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەن بولىدۇ.

قاقشاش، ۋايساش، زارلىنىش ۋە باشقىلارنى ئەيىبلەش بىلەن ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئىش تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، قاقشاشنىڭ ئورنىغا دەرھال يەڭنى تۈرۈپ چارە ئىزدەش ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ كويىغا كىرىش مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل.

[1] سەھىھۇل بۇخارىي، 9 - نومۇرلۇق؛ سەھىھ مۇسلىم، 35 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 30. ئەخلاق خىلۋەتتە ئۆلچىنىدۇ

ئۆتمۈشتە، مەلۇم بىر مەملىكەت خەلقى پادىشاھنىڭ سىياسىتىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تەلەپ قىپتۇ. خەلقنىڭ تەلىپى پادىشاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلىپتۇ. شۇ چاغدا، پادىشاھ خەلق توپلانغان مەيدانغا شەخسەن ئۆزى ھازىر بولۇپ، ئۇلارغا مۇنداق نۇتۇق سۆزلەپتۇ:

— ئەي خەلقىم! بۇ كېچە شەھەر مەيدانىغا چوڭ بىر قازان ئورنىتىلىدۇ، ھەربىر ئادەم تۈن قاراڭغۇسىدا ھېچكىمگە كۆرۈنمەي، يالغۇز - يالغۇز كېلىپ، قازانغا بىر ئىستاكاندىن سۈت قۇيىدۇ. ئەتە ھەممىمىز بىرلىكتە كۆرىمىز؛ ئەگەر قازان سۈتكە لىق تولغان بولسا، مەن پادىشاھلىق تەختىمدىن چۈشۈپ بېرىمەن. ئۇ چاغدا، سىلەر ئۆزۈڭلار خالىغان كىشىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىسەڭلار بولىدۇ.

خەلق پادىشاھنىڭ بۇ شەرتىگە قوشۇلۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، پادىشاھ خەلقنى مەيدانغا يىغىپ، قازاننىڭ تۈۋۈقىنى ئېچىپتۇ. قارىسا، قازاندا بىر تېمىممۇ سۈت يوق، پۈتۈنلەي سۇ بىلەن تولغانمىش. ئەسلىدە، ھەربىر كىشى كۆڭلىدە: «ھەممە ئادەم سۈت قۇيىدۇ، مەن بىر كىشى بىر ئىستاكان سۈتنىڭ ئورنىغا سۇ قۇيۇۋەتسەم كىممۇ بىلەلەيتتى؟ بىر ئىستاكان سۇغا قازاندىكى سۈت ئۆزگىرىپ كېتەمتى؟» دەپ ئويلاپ، ھەممىسىلا سۇ قۇيغان ئىكەن.

پادىشاھ بۇ مەنزىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، خەلققە يەنە نۇتۇق سۆلەپتۇ:

ـ ئەي خالايىق! كۆردۈڭلارمۇ؟ ھەممىڭلارنىڭ ئەخلاقى بىر خىل، خىلقەتتە قىلغان ئىشلىرىڭلارمۇ ئوخشاش چىقىۋاتىدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلار ئۆزگەرمەي، ياخشىلانماي تۇرۇپ، مەملىكەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى، تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر. بىلىڭلاركى، سىلەر ئۆزگەرمەي تۇرۇپ، ئورنۇمغا كىمنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەڭلار، بۇ مەملىكەتتە ياخشىلىنىش بولمايدۇ، ھېچبىر ئىش ئۆزگەرمەيدۇ!

پادىشاھنىڭ بۇ سۆزىدىن قاتتىق خىجىل بولۇپ، يۈزلىرى قىزارغان خەلق جىمغىنا تارقىلىپ كېتىپتۇ.

### ھېكمەت

ئادەم بار يەردە كۆرسىتىلگىنى ئەدەپ ياكى زوراۋانلىق بولسا، ئادەم يوق، ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەردىمۇ ئۆزگەرمەي ئىپادىلەنگىنى ئەخلاقتۇر. شۇڭا، سىرتقى كۆرۈنۈشتىكى ئەدەپ بىلەن ئىچكى قىممەت بولغان ئەخلاق بىردەك بولۇشى كېرەك.

ئىسلام دىنىمىز گۈزەل ئەخلاقنى يادرو قىلغان دىن بولۇپ، بىراۋنىڭ ھەقىقىي دىندارلىق دەرىجىسى ئۇنىڭ خىلقەتتىكى گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»[1] دېگەن.

دېمەك، ئىسلامنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى ـ ئىنسانلارنى رەببىنى تونۇيدىغان، كىشىلەر ئالدىدىمۇ، خىلقەتتىمۇ بىر خىل ياشايدىغان گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشتۇر. «جەمئىيەت ئۆزگەرسۇن»

[1] ئەلئەدەبۇل مۇفرەد، 273 - نومۇرلۇق؛ مۇسنەد ئەھمەد، 8939 - نومۇرلۇق ھەدىس .

دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز ئۆزگىرىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ خىلقەتتىكى ئاشۇ بىر ئىستاكان «سۈت»كە تۇتقان پوزىتسىيە ئېڭىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە: **«ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ»**[1] دېگەن ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت بار.

---

[1] رەئد سۈرىسى: -11 ئايەت.

## 31. گۇمان ئىماننى قاچۇرار

ئۆتكەن زاماندا، ئورمانلىقتىن ئوتۇن كېسىپ كېلىپ، تۇرمۇشىنى قامدايدىغان بىر ئوتۇنچى بولغان ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئورمانلىقتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆيىدە بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، پالتىسى لازىم بولۇپ ئىزدىسە، ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «پالتىنى چوقۇم قوشنامنىڭ ئوغلى ئوغرىلىۋالدى» دەپ گۇمان قىپتۇ.

ئوتۇنچى شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇ بالىنىڭ ھەربىر يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ئوغرىنىڭ سىماسىنى كۆرۈشكە باشلاپتۇ. بالىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئۇ ئادەمنىڭ نەزىرىدە بىر ئوغرىنى ئەسلىتىدىغان؛ مېڭىشلىرى ئوغرىنىڭ مېڭىشىدەك، گەپ قىلىشلىرى ئوغرىنىڭ گەپ قىلىشىدەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «پالتامنى چوقۇم مۇشۇ شۇم ئوغرىلىغان گەپ» دەپ جەزم قىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ: «بالىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئوغرىلىقىنى يۈزىگە سالاي - دە، پالتامنى قايتۇرۇپ ئالاي» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ بالىغا يېقىنلاشقىلى ئاز قالغاندا، ئوغلى يۈگۈرۈپ كېلىپ، پالتىنىڭ ئوتۇن كەسكەن يەردە ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە پالتىنى ئېلىپ كېلىپ، دادىسىغا بېرىپتۇ.

ئادەم ئۆزىنىڭ ناھەق گۇمان قىلىپ، قوشنىسىنىڭ ئوغلىنى ئوغرى دەپ ئويلاپ قالغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، پالتا تېپىلغاندىن كېيىن، ئۇ بالا ئادەمنىڭ كۆزىگە ئوغرىدەك كۆرۈنمەيدىغان بوپتۇ.

## ھېكمەت

دىنىمىز بىزنى كىشىلەر ھەققىدە ياخشى ئويدا بولۇشقا بۇيرۇغان. ئىنسانلار توغرۇلۇق ياخشى ئويدا بولۇش ـ گۈزەل ئەخلاقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بۇيرۇغان: **«ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بىر ـ بىرىڭلار ھەققىدە) تولا گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، بەزى گۇمانلار گۇناھتۇر»**[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «گۇماندىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى گۇمان سۆزلەرنىڭ ئەڭ يالغىنىدۇر»[2].

كىشىلەرگە قارىتا ياخشى ئويدا بولغاندەك، ئاللاھ تائالاغىمۇ ياخشى ئويدا بولۇش ئىجابىي كىشىلەرنىڭ خىسلىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ: «بەندەم مېنى قانداق ئويلىسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىمەن»[3] دېگەنلىكىنى بايان قىلغان.

يەنى بىز ئاللاھ تائالانى «بىزگە چوقۇم ياردەم قىلىدۇ، دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دەپ چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئويلىساق ۋە ئىشەنسەك، ئاللاھ تائالامۇ بىزگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەكسىچە ئويدا بولساق، ئىشلار ئومۇمەن بىزنىڭ ئويىمىزدىكىدەك بولىدۇ. شۇڭا، بىز قەلبىمىزدىكى گۇمان ۋە يامان ئوي تۇمانلىرىنى ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىجابىيلىق قۇياشى بىلەن ئېرىتىشىمىز لازىم.

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى، 12 - ئايەت.
[2] سەھىھۇل بۇخارىي، 5143 - نولۇرلۇق؛ سەھىھ مۇسلىم، 2563 - نومۇرلۇق ھەدىس.
[3] سەھىھۇل بۇخارىي، 7405 - نومۇرلۇق؛ سەھىھ مۇسلىم، 2675 - نومۇرلۇق ھەدىس

## 32. ئالتۇننىڭ قىممىتىنى زەرگەر بىلىدۇ

بىر دېھقان ئېتىزلىقىنى چېپىۋاتقاندا، كەتمىنى قاتتىق بىر نەرسىگە ئۇرۇلۇپتۇ. دەرھال ئاشۇ جايىنى كولاپ كۆرسە، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، قىممەتلىك بىر ھەيكەل چىقىپتۇ. دېھقان ئۇنى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، قوشنىسى: «قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ساتىدىغان ئادەملەر بۇنى پۇلغا ئېلىشى مۇمكىن، بىر كۆرسىتىپ باق» دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

دېھقان بىر ئاسارئەتىقە دۇكىنىغا كىرىپ، قولىدا تارىخىي بىر ھەيكەلنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. دۇكاندار دەرھال ھەيكەلنى كۆرمەكچى بوپتۇ. ھەيكەلنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ناھايىتى نادىر بۇيۇم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىپتۇ. دېھقاننىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، ھەيكەلنى دۇكانچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان باھاغا سېتىپتۇ. دېھقان بۇنچىلىك كۆپ پۇلغا ئېرىشكىنىگە ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ.

دېھقان دۇكاندىن چىقىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە: «پۇل دېگەن نېمىدېگەن قىممەتلىك نەرسە - ھە! بۇنىڭغا نېمە ئالساق ئالغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ توۋا، دۇنيادا شۇ قەدەر ئەخمەق ئادەملەر باركەن - دە! قەدىمكى زاماندىن قالغان كونا بىر ھەيكەلنى شۇنچە جىق پۇلغا سېتىۋالىدىكەن. نېمىگە يارايدۇ ئۇ كېرەكسىز ھەيكەل؟» دەپ كۈلۈپتۇ.

ھەيكەلنى سېتىۋالغان ئاسارئەتىقىچى بولسا، «ھەي، ئادەملەر نېمىدېگەن ئەخمەق! ئۇلار پۇلنى شۇنچىلىك چوڭ بىلىدۇكى، ھەر

نەرسىنى پۇلغا سېتىشقا ئالدىرايدۇ. بۇ ھەيكەل نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بىباھا يادىكارلىق تۇرسا، بۇنداق قىممەتلىك بايلىقنىمۇ قىممەتسىز قەغەزگە ساتقان بارمۇ؟» دەپتۇ.

### ھېكمەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار ئالتۇن - كۈمۈشتەك مەدەنلەرگە ئوخشايدۇ»[1]. يەنى ئىنسانلار خاراكتېرىدە ۋە مىجەز- خۇلقىدا بىر خىل ئەمەس. ئۇلار خۇددى ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق كان بايلىقلىرىدەك پەرقلىقتۇر.

ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلگەندەك، ياخشى ئادەملەرنىڭ قىممىتىنى، ئالىيجاناب خىسلەتلىرىنى ۋە سەممىيىتىنىمۇ پەقەت سەممىي، ئالىيجاناب كىشىلەرلا ھېس قىلالايدۇ. ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرمۇ (مەيلى ئۇ بىر كىتاب، بىر پارچە تېكىست، ياكى بىرەر سەنئەت بۇيۇمى بولسۇن) پەقەت قىممىتىنى بىلىدىغان كىشىلەرگە يولۇققاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ.

---

[1] سەھىھۇل بۇخارىي، 3496 - نومۇرلۇق؛ سەھىھ مۇسلىم، 2638 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 33. بەزى مۇسىبەتلەرمۇ نېمەتتۇر

بىر كۈنى دېڭىزدا قاتتىق بوران چىقىپ، بىر يولۇچىلار كېمىسى چۆكۈپ كېتىپتۇ. كېمىدىكى يولۇچىلاردىن پەقەت بىرلا ئادەمدىن باشقا ھەممىسى قازا قىپتۇ. ھايات قالغان بۇ ئادەمنى دېڭىز دولقۇنى چەت بىر تەرەپتىكى ئادەمسىز ساھىلغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

ئۇ دېڭىز ساھىلىدىكى ھېچبىر ئىنسى - جىن يوق خىلۋەت ئارالدا ئوۋ ئوۋلاپ، تاپقىنىنى يەپ ھايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. يامغۇر ۋە بوراندىن دالدىلىنىش ئۈچۈن كىچىككىنە كەپە ياسىۋېلىپ، شۇنىڭدا تۈنەپتۇ. ھەر كۈنى ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىپ، ئۆزىنى بۇ چەت، ئادەمسىز، قاراڭغۇ ئارالدىن قۇتقۇزۇپ قويۇشنى تىلەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئوۋدىن قايتىپ كەلسە، ناھايىتى جاپادا ياسىغان كەپىسىگە ئوت كېتىپ، كەپە كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپتۇ. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن بىچارە ئادەم قاتتىق بىئارام بوپتۇ ۋە دەردكە چىدىماي ئاللاھ تائالاغا مۇنداق نىدا قىپتۇ:

– ئى ئاللاھىم! مەن سەندىن مېنى بۇ ئادەمسىز، قورقۇنچلۇق ئارالدىن قۇتقۇزۇپ قويۇشۇڭنى تىلەپ توختىماي دۇئا قىلىۋاتسام، بىردىنبىر پاناھگاھىم بولغان كەپەمنىمۇ كۆيدۈرۈپ، مۇسىبەت ئۈستىگە مۇسىبەت بەردىڭغۇ!!

ئۇ كىشى ئۈستى - ئۈستىلەپ كەلگەن مۇسىبەتلەردىن قايغۇرغان، زارلانغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۈمىدسىزلەنمەي دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يىراقتىن

بىر كېمىنىڭ ئاستا - ئاستا دېڭىز بويىغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە خۇشاللىقتىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كېمىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ. كېمىگە چىقىپ، كاپىتانغا كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ تۇرۇپ:

– مېنىڭ بۇ يەردە، مۇشۇ يالغۇز ئارالدا ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟ – دەپ سوراپتۇ. كاپىتان كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

– سىز ئىككى كۈن بۇرۇن ئۆزىڭىز ئوت يېقىپ، بىزگە بەلگە بەردىڭىزغۇ! بىز كۆككە ئۆرلەۋاتقان ئاشۇ قويۇق تۈتۈن چىققان تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئاخىرى سىزنى تاپتۇق.

### ھېكمەت

بىشىمىزغا كەلگەن پالاكەت ياكى يوقىتىشلارنىڭ ھەممىسىلا بىز ئويلىغاندەك «مۇسىبەت» ئەمەس، بەلكى بەزىسى تېخىمۇ چوڭ بىر قۇتۇلۇشقا يول ئاچىدىغان «نېمەت»تۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «**سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نەرسىنى (جاپاسىدىن قورقۇپ) ياقتۇرماي قېلىشىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن زىيانلىق بولغان نەرسىنى (كۆرۈنۈشتىكى راھەتكە ئالدىنىپ) ياقتۇرۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. (سىلەرگە نېمىنىڭ ھەقىقىي پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر**»[1].

ئىنسانىنىڭ ئەقلى ۋە نەزىرى چەكلىك بولغاچقا، پەقەت ئالدىدىكى كۆيۈۋاتقان «كەپە»نىلا كۆرەلەيدۇ؛ ئەمما شۇ كۆيگەن كەپىنىڭ تۈتۈنى ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزىدىغان «كېمە»نىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. شۇڭا، ھاياتتا بىر ئىشىك يېپىلسا ياكى بىر نەرسىمىز يوقالسا، دەرھال ئاغرىنىپ نالە قىلماي، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇپ، تېخىمۇ گۈزەل بىر چىقىش يولىنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد بىلەن كۈتۈشىمىز لازىم.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، -216 ئايەت.

## 34. ئەڭ قىيىن سىناق ئىمان سىنىقىدۇر

قەدىمكى زاماندا، ئىرانلىق بىر جۈپ ئاكا - ئۇكا مەجۇسىيلار ئىسلام دەۋىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ئويلىنىپ قاپتۇ. ئۇلار: «ئەجەبا، بىزنىڭ دىنىمىز ھەقمۇ ياكى ئەرەبلەر دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ يېڭى دىنمۇ؟» دەپ كۆپ تالاش - تارتىش قىلىشىپتۇ. ئاخىرىدا، ئۇلار ئەجدادلىرىدىن بېرى مۇقەددەس بىلىپ چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان ئوتنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئۆزئارا مۇنداق كېلىشىپتۇ:

– قولىمىزنى مۇقەددەس ئوتقا تىقىمىز، ئەگەر ئۇ قولىمىزنى كۆيدۈرسە، بىزنىڭ دىنىمىز باتىل، ئىسلام دىنى ھەق بولغان بولىدۇ. ئۇ چاغدا، بىز دەرھال ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولىمىز.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى قولىنى ئوتقا تىقىپتۇ -دە، ئاغرىققا چىدىماي دەرھال تارتىۋاپتۇ. چۈنكى، ئوت ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئۇلارنىڭ قوللىرىنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەن ئىنىسى سۆزىدە تۇرۇپ، مۇسۇلمان بوپتۇ. ئەمما، ئاكىسى تەرسالىق ۋە تەتۈرلۈك قىلىپ، ئۆز دىنىدا قېلىۋېرىپتۇ.

ئىمان ئېيتقان ئىنىسى مەجۇسىيلىك مۇھىتىدىن ئايرىلىپ، باشقا بىر جايغا يۆتكىلىپتۇ. ئۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىش يولىدا زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەپتۇ. ناتونۇش مۇھىتتا ئىش تېپىشتا بەكمۇ قىينىلىپتۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىش بەرمەپتۇ. مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ بىر ئۆلىما بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۆلىما ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن بەك مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ماددىي

ياردەم قىلماقچى بوپتۇ. ئەمما، ئۇ:

– مەجۇسىي ۋاقتىمدىمۇ ماڭا رىزىق بېرىپ كېلىۋاتقان رەببىم ئەمدى مەن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن رىزقىمنى توختىتىپ قويماس– دەپ، ئۆلىمانىڭ ياردىمىنى سىپايىلىك بىلەن رەت قىپتۇ.

ئۇ ھەر كۈنى ئىش ئىزدەپتۇ - يۇ، ئەمما ئىش تاپالماپتۇ. ئاخىرى، ئۇ ئىش ئىزدەپ مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ. باشقىلارغا ئىش چىقىپ تۇرۇپتۇ - يۇ، ئەمما ئۇنى ئىشقا سالىدىغان ئادەم چىقماپتۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىش ساقلاپ، قۇرۇق قول قايتىپ كەتكەن كۈنلىرىمۇ كۆپ بوپتۇ. ئۆيىگە كەلگىنىدە، ئايالى ۋە بالىلىرى يۈگۈرۈپ ئالدىغا چىققىنىدا، خىجالەتتىن: «بۈگۈن ئىشلىدىم، ئەمما خوجايىن تېخى پۇلنى بەرمىدى، كېيىن بېرىدىغان بولدى» دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئايالى ۋە بالىلىرى ئاچلىقتىن پەرىشان بولسا، ئۆزى ئىش تاپالماي ئېزىلىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ يەنە مەدىكار بازىرىدا ئىش تاپالماي دەرد - ئەلەم ئىچىدە ئاللاھ تائالاغا مۇنداق ئىلتىجا قىپتۇ:

– ئى رەببىم! سەن مېنى سىناۋاتىسە، بۇنى بىلىمەن. مەن ئۆزۈم ئاچلىققا ۋە ھەرقانداق جاپاغا چىدايمەن، ئەمما ئايالىم بىلەن بىچارە پەرزەنتلىرىم بۇ ئاچلىققا چىدىيالماي قالدى. بىزگە ئۆز خەزىنەڭدىن رىزىق بەرگىن!

ئۇ كۈنىمۇ ئۇ يەنە ئىش تاپالماي ئۆيىگە روھى سۇلغۇن، قۇرۇق قول، تولىمۇ خىجىللىق ئىچىدە قايتىپ كەپتۇ. ئەمما، ئۆيىگە كىرىشىگىلا، ئايالى ئىنتايىن خۇشال ھالدا ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ:

– رەھمەت سىزگە! سىزگە ئىش بەرگەن خوجايىن بەك سېخىي، تولىمۇ ياخشى كىشى ئىكەن. ئىش ھەققىڭىزنى ئۆيگە ئۆزى ئەۋەتىپتۇ، – دەپ، قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان تىللالارنى

كۆرسىتىپتۇ.

ئادەم بۇنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن تۇرۇپلا قاپتۇ. ئايالى:

— تېز بولۇڭ، زەرگەرگە بارايلى. بۇ تىللالارنى سېتىپ، يېمەك - ئىچمەك ئالايلى، — دەپتۇ. ئۇلار زەرگەرنىڭ يېنىغا بېرىپ تىللالارنى كۆرسىتىپتۇ. زەرگەر تىللالارنى كۆرۈپ، ئەقلىنى يوقاتقىلى تاس قاپتۇ. چۈنكى، ئۇ بىر ئۆمۈر زەرگەرچىلىك قىلىپمۇ بۇقەدەر ساپ ئالتۇننى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن. زەرگەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي:

— بۇ جەننەتتىن چىققان ئالتۇن ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئالتۇننىڭ بىر قىسمىنى پۇلغا ئايلاندۇرۇپ، جىق يېمەك - ئىچمەك سېتىۋېلىپ، خۇشال - خۇرام ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئۇلار ھەرقانچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ بۇ تىللالارنى كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. ئاخىرى ئۇلار بۇ غەيبىي تىللالارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەنلىكى، تەۋەككۇل قىلغانلىقى ۋە ئىمان سىنىقىدىن ئۆتكەنلىكىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ، رەببىگە چەكسىز شۈكۈرلەر ئېيتىپتۇ.

## ھېكمەت

بۇ دۇنيا سىناق مەيدانى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقنى ئىنسانلارنى سىناش ئۈچۈن ياراتقان. **«ئۇ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر»**[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ھاياتلىق قىيىن سىناقلارغا تولغان بولىدۇ. بەزىدە ئادەم ھەقنى تاللىغاندا ياكى توغرا يولدا مېڭىشقا بەل باغلىغاندا، ماددىي قىسىنچىلىق، يالغۇزلۇق ۋە يوقسۇزلۇق دېگەندەك ھەر تۈرلۈك

[1] مۇلك سۈرىسى، 2 - ئايەت.

قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئىماننىڭ قىممىتى ئاشۇنداق ئېغىر سىناقلاردا نامايان بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان بېشىغا كەلگەن سىناقلارغا سەۋر قىلىپ، ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرسا، «رىزىق بەندىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھتىن كېلىدۇ» دەپ بىلىپ چىن قەلبىدىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆزى ئويلاپمۇ باقمىغان يەردىن چىقىش يولى ۋە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز كاتتا مۇكاپاتلارنى ئاتا قىلىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەنلەر ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپاتلىرىغا سازاۋەر بولىدۇ.

## 35. دۇنيادا سىزدىن ئاران بىرسىلا بار

مەلۇم مەدرىسەدىكى بىر تالىپ ھەمىشە ئۆزىنى ئەرزىمەس، قىممەتسىز بىرى دەپ ئويلايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئۇستازىدىن:

ــ ئۇستاز! مەندەك ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان بىرىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلغىنى ۋە ياشىغىنىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئۇستاز كۈلۈپ قويۇپ، جاۋاب بەرمەپتۇ. ئاندىن ساندۇقىدىن چىرايلىق بىر تاشنى چىقىرىپ تالىپقا بېرىپ، مۇنداق تاپىلاپتۇ:

ــ ئەتە ئەتىگەندە بۇ تاشنى بازارغا ئاپىرىپ، خېرىدارغا سالىسەن، ئەمما ھەرقانچە كۆپ پۇل بېرەي دېسىمۇ قەتئىي ساتمايسەن.

تالىپ تاشنى ئېلىپ، بازارغا چىقىپتۇ ۋە بازارنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىدە تاشنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تاش ئۆزگىچە گۈزەللىكى بىلەن بازاردىن ئۆتكەن - كەچكەن نۇرغۇن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. تاشنىڭ باھاسىمۇ بارغانسىرى ئۆسۈپتۇ، ئەمما تالىپ ئۇستازىنىڭ سۆزى بويىچە يەنىلا ساتماپتۇ.

تالىپ كەچقۇرۇن مەدرىسەگە قايتىپ كېلىپ، بولغان ۋەقەنى ئۇستازىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇستازى ئۇنىڭغا ئەتىسى تاشنى ئېلىپ، ئاسارئەتىقە ۋە قىممەتلىك بۇيۇملار دۇكانلىرىغا بېرىشنى ئېيتىپتۇ ۋە تاشنى ئەسلا ساتماسلىقنى قايتا جېكىلەپتۇ.

تالىپ ئەتىسى تاشنى ئېلىپ، ئاسارئەتىقە ۋە قىممەتلىك بۇيۇملار دۇكانلىرىنى ئارىلاپتۇ. تاشنىڭ باھاسى ئالدىنقى كۈندىكىگە

قارىغاندا، 10 ھەسسە ئېشىپتۇ، لېكىن تالىپ يەنىلا ساتماپتۇ.

تالىپ كەچقۇرۇن تاشنى كۆتۈرۈپ، ئۇستازىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئۇستازى ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

ـ بالام! ھاياتلىقنىڭ قىممىتىمۇ مۇشۇ تاشنىڭ قىممىتىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئوخشاش بولمىغان مۇھىتتا، ئوخشاشمىغان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئوخشاشمىغان قىممەتكە ئىگە. سەنمۇ مۇشۇ تاشقا ئوخشايسەن. ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى قەدىرلىسەڭ ۋە ئۆزۈڭگە مۇناسىپ، قىممىتىڭ بولىدىغان جايدا تۇرساڭ، شۇندىلا ھاياتىڭ ھەقىقىي مەنە ۋە قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسان ئەۋلادىنى ئەسلىدىنلا ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك ياراتقان بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە: **«شەكسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ئەزىز قىلدۇق»**[1] دېگەن.

### ھېكمەت

ھەربىر ئىنسان ئۆزگىچە قىممەتكە ئىگە، دۇنيادا قىممەتسىز ئىنسان يوق. پەقەت ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالمايۋاتقان ۋە ئۇنى قەيەردە جارى قىلدۇرۇشنى بىلمەيۋاتقان ئىنسان بار. دۇنيادا سىزدىن پەقەت بىرسىلا بولۇپ، ئۆزىڭىزنى ئەرزىمەس چاغلىشىڭىز ياراتقان زاتنىڭ نېمىتىگە كۆز يۇمغانلىقتۇر. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ نەزىرىدىكى قىممىتى ۋە ھۆرمىتى تەقۋادارلىق بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **«شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر»**[2].

ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلار ئالدىدىكى قىممىتى ۋە ھۆرمىتى ئىمان ـ ئېتىقادى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى ۋە ئىقتىدارى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىلىم ـ مەرىپەت، ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلەش

[1] ئىسرا سۈرىسى، 70 ـ ئايەت.

[2] ھۇجۇرات سۈرىسى، 13 ـ ئايەت.

ئارقىلىق ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرۈشىمىز، قىممىتىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز ۋە ئۆز قىممىتىمىزنى قەيەردە جارى قىلدۇرۇشنى بىلىشىمىز، ئۆزىمىزنى ئەسلا تۆۋەن كۆرمەسلىكىمىز لازىم.

## 36. باشقىلارنى كەچۈرسىڭىز، ئاللاھ سىزنى كەچۈرىدۇ

ئاقكۆڭۈل ۋە كەڭ قورساق بىر ناۋاي بار بولۇپ، يوقسۇللارغا، ئاجىز - ئورۇقلارغا ۋە مۇساپىرلارغا خەير - ساخاۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ھەتتاكى، ئۇ بەزى خېرىدارلارنىڭ بىلىپ - بىلمەي بەرگەن ساختا ياكى كەم پۇللىرىنىمۇ بىلىپ تۇرۇپ، چىرايلىق قوبۇل قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ نېننى كەم قىلماي تولۇق بېرىپ، يولغا سالىدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى نېننى سېتىپ بولغاندىن كېيىن، كۆڭلىنى خۇشال تۇتۇپ مۇنداق دۇئا قىلىدىكەن:

ــ ئى ئاللاھىم! مەن سېنىڭ يوقسۇل بەندىلىرىڭگە قولۇمدىن كېلىشىچە كەڭچىلىك قىلىپ كەلدىم. ئۇلارنىڭ نۇقسانلىرىنى كەچۈردۈم، ساختا ۋە كەم بەرگەن پۇللىرىنى بىلىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدىم. سەنمۇ مېنىڭ تەلەپكە لايىق بولمىغان ئاشۇ ئازغىنە ئەمەل - ئىبادىتىمنى قوبۇل قىلغىن، ماڭا كەڭچىلىك قىلىپ، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن.

ناۋاي بىر كېچىسى گۈزەل بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە خىزىر سۈپەت بىر بوۋاي ئۇنىڭغا:

ــ ئاللاھ سېنىڭ ئەمەل - ئىبادەتلىرىڭنى قوبۇل قىلدى، گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلدى. سەن بەندىلەرگە كەڭچىلىك قىلىدىغان مۇشۇ خىسلەتلىك ئىشىڭنى توختىتىپ قويماي داۋاملاشتۇرغىن، ــ دەپ تەۋسىيە قىلىپتۇ.

## ھېكمەت

ئىنسان دۇنيادا باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلسا، ئاللاھتىنمۇ شۇنداق مۇئامىلە كۆرىدۇ. كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈش ۋە ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىش ـ ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ قىسقا يولىدۇر.

ئاللاھ تائالا نۇر سۈرىسىدە مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلىپ: **«(ئۇلار) كەچۈرسۇن، كەڭ قورساق بولسۇن. ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشنى ياقتۇرامسىلەر؟»**[1] دېيىش ئارقىلىق بىرنى بىر - بىرىمىزنى كەچۈرۈشكە ۋە كەڭچىلىك قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان.

[1] نۇر سۈرىسى، 22 - ئايەت.

## 37. قولىڭىزدا بارنى قەدىرلەڭ

قەدىمكى زاماندا بىر سودىگەر چۆلدە يولدىن ئادىشىپ قاپتۇ. يېنىدىكى سۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلىرى پۈتۈنلەي تۈگەپ، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان سودىگەر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قۇملۇقتا كېتىۋاتقاندا، تۇساتتىن يىراقتا بىر خۇرجۇننىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سودىگەر ئىچىدە سۇ ۋە يېمەكلىك بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، زور ئۈمىد بىلەن بارلىق ماجالىنى يىغىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، خۇرجۇننى ئېچىپتۇ. ئەمما، خۇرجۇننىڭ ئىچى سۇ ۋە يېمەكلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالتۇن ۋە قىممەتلىك گۆھەرلەر بىلەن تولغان ئىكەن. سودىگەر ئالتۇن ۋە گۆھەرلەرگە قاراپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

– ئەپسۇس، بۇ پەقەتلا ئالتۇن ئىكەن، مەن بولسام بىر بۇردا نانغا زار ئىدىم ...

بۇ سودىگەر ئىلگىرى ئۆيىدە داستىخان بېشىدا ئولتۇرغاندا، ئالدىدىكى ناننى «ئادەتتىكى، قىممەتسىز نەرسە» دەپ قاراپ، بەك كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىكەن، تائامنى خارلايدىكەن، ئىسراپچىلىقتىن قورقمايدىكەن. ئەمما، چۆلدىكى ئاشۇ مىنۇتلاردا، ئۇ ئۆزى ئىلگىرى قەدىرگە يەتمىگەن ئاشۇ بىر بۇردا نانغا زار بوپتۇ. شۇ بىر بۇردا ناننىڭ ئۆزىنىڭ بارلىق ئالتۇنلىرىدىن نەچچە ھەسسە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەسرەت ئىچىدە ھېس قىپتۇ.

## ھېكمەت

خارلانغان نەرسە ئەزىز بولماي قالمايدۇ. بىز ئىلكىمىزدىكى نېمەتلەرنى كۆزگە ئىلماي خارلاپ قويساق، بىر كۈنى ئاشۇ نېمەتلەرگە زار بولۇپ قالىمىز. شۇڭا، قولىمىزدا بار نېمەتنى قەدىرلىشىمىز لازىم. نېمەتنى قەدىرلەش بىزنى تېخىمۇ كۆپ نېمەتلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **«ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭلار: ‹ئەگەر (بەرگەن نېمەتلىرىمگە) شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە نېمىتىمنى چوقۇم زىيادە قىلىپ بېرىمەن؛ ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىقتۇر› دەپ جاكارلىغان ئىدى»**[1].

ئەگەر بىلسەك، بىز خاتىرجەم ئىچىۋاتقان قولىمىزدىكى بىر پىيالە چاي، يەۋاتقان ئىسسىق تاماق، ئائىلە ئەزالىرىمىزنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى، تېنىمىزنىڭ سالامەتلىكى، تىنچ - ئامان ئائىلە قاتارلىقلار ئالتۇن - كۈمۈشتىنمۇ قىممەتلىك تېپىلغۇسىز بايلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ نېمەتلەرنىڭ بارىدا قەدرىنى بىلىشىمىز لازىم. شۇندىلا، تېخىمۇ كۆپ نېمەتلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى، 7 - ئايەت.

## 38. باشقىلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇشتىن بۇرۇن ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتەيلى

بىر زامانلاردا، ئۆز تالانتىغا ئۆزى ئىشەنمەيدىغان بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ ھەربىر قەدەمدە، ھەربىر ئىشىدا باشقىلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا قاراپ ھەرىكەت قىلىدىكەن. ئەگەر بىرى ئۇنى ماختىسا، ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ تالانتلىق ئادەم ھېس قىلىدىكەن؛ ئەگەر بىرى ئازراق تەنقىدلەپ قويسا، كۈن بويى غەمگە پېتىپ يۈرىدىكەن.

ئۇ بىر كۈنى بىر دانىشمەننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ روھىي ئازابىدىن شىكايەت قىپتۇ. دانىشمەن ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، تامدا تۇرغان كونا ۋە توپا بېسىپ كەتكەن بىر ئەينەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

– بۇ ئەينەككە قارا، نېمىنى كۆرۈۋاتىسەن؟ – دەپ سوراپتۇ.

– خىرە، تۇتۇق بىر ئادەم سۈرىتىنى كۆرۈۋاتىمەن، بەك تۇتۇق كۆرۈنىدىكەن، – دەپتۇ يىگىت ئەينەككە قاراپ. ئاندىن دانىشمەن ئەينەكنى ئاستا سۈرتۈپتۇ – دە، قايتا سوراپتۇ:

– ئەمدىچۇ؟

– ئەمدى ئۆزۈمنى ئېنىق كۆرۈۋاتىمەن، – دەپتۇ يىگىت.

دانىشمەن تەبەسسۇم بىلەن يىگىتكە قاراپ:

– ئوغلۇم! ئەگەر سەن باشقىلارنى ئۆزۈڭگە ئەينەك قىلىۋالساڭ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى، كۆز قارىشى ۋە غەرەزلىرى سېنىڭ كىملىكىڭنى بەلگىلەپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ قەلب ۋە ئەقىل ئەينىكىنى توپا

بىسىپ كەتكەن بولسا، ئۇ چاغدا سەن شۇ ئەينەكتىن ئۆزۈڭنى سەت ۋە نۇقسانلىق كۆرىسەن؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەينىكى سۇنۇق بولسا، سەن ئۆزۈڭنى پارچە - پارچە ھېس قىلىسەن. ھاياتىڭدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقىڭ ــ ئۆز قىممىتىڭنى باشقىلارنىڭ خىرە ۋە تۇتۇق ئەينىكىدىن ئىزدىشىڭدۇر، ــ دەيتۇ.

## ھېكمەت

ھەمىشە باشقىلارنى دورايدىغان، ئۆزگىلەرنىڭ ئىزىدىنلا ماڭىدىغان، باشقىلارنىڭ باھاسىغا قاراپلا ھەرىكەت قىلىدىغان كىشى ئۆز شەخسىيىتىنى يوقىتىپ قويۇپلا قالماي، ئاللاھ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئۆزگىچە تالانت ۋە قابىلىيەتلەرنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر بىلىپ - بىلمەي ئۆزىدە «ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرۈش» پسىخىكىسى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ - دە، ئاخىرىدا باشقىلارنىڭ خاتا قىممەت قاراشلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ، ئېزىپ كېتىدۇ.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۈلگە ئېلىش بىلەن تەقلىدچىلىك (دورامچىلىق) ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار:

ئۈلگە ئېلىش ــ ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىنى، خاسلىقىنى ۋە تالانتىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە پەزىلەتلىرىنى ئۆگىنىشتۇر. بۇ دىنىمىز تەرغىب قىلغان ئىشتۇر. ئەمما تەقلىدچىلىك ــ ئەقلىنى ئىشلەتمەي، ئۆز كىملىكىنى ئۇنتۇپ باشقىلارنى دوراشتۇر. بۇ ئەيىبلىنىدىغان ناچار ئىللەتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە قارىغۇلارچە تەقلىد قىلغۇچى مۇشرىكلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: **«ھەر قاچان ئۇلارغا: ‹ئاللاھنىڭ نازىل قىلغانلىرىغا ئەگىشىڭلار› دېيىلسە، ئۇلار ‹ياق، بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان نەرسىگە ئەگىشىمىز› دېيىشىدۇ»**[1].

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 170 - ئايەت.

## 39. قەددىڭىزنى كۆتۈرسىڭىز، ھەقىقەتەن گۈزەلسىز

ھەمىشە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، سولغۇن چىراي يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان بىر قىز بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرۈپ: «مەن چىرايلىق ئەمەس»، «مەن باشقىلاردەك قابىلىيەتلىك ئەمەس» دەپ ئويلاپ، ئازابلىنىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ باغچىدا كۆلچەكتىكى نىلۇپەر گۈللىرىگە قاراپ، غەمكىن ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا باغچىنى ئارىلاپ يۈرگەن باغۋەن قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

– قىزىم، نىمىشقا نىلۇپەرگە شۇنچە زەن قويۇپ قاراپ كەتتىڭىز؟ – دەپ سوراپتۇ.

قىز چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ، مەيۈسلىك بىلەن:

– بۇ گۈللەر شۇنچە گۈزەل، شۇنچە رەتلىك. مەن بولسام، تولىمۇ سەت ۋە يارىماس بىر قىز، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

باغۋەن مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

– قىزىم، نىلۇپەرنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ چۈنكى، ئۇ لاي سۇدىن ئۈنۈپ چىقسىمۇ، غولىنى تۈز تۇتىدۇ. ئەگەر غولىنى تۈز تۇتمىسا، ئاشۇ لاي سۇنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىدۇ – دە، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ. سەندىكى مەسىلە گۈزەللىكتە ئەمەس، بەلكى قەددىڭدە، يەنى پوزىتسىيەڭدە.

باغۋەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

ــقەددىڭنى رۇسلا! مۇرەڭنى تۈز تۇتۇپ، روھلۇق مېڭىشنى مەشىق قىل. شۇ چاغدا سەن دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئىنسانغا ئايلىنىسەن.

## ھېكمەت

ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى ئەڭ مۇكەممەل سۈرەتتە، ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتقان. قۇرئان كەرىمدە: «**بىز ئىنسانىنى ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە ياراتتۇق** »[1]، «**بىز ئادەم باللىرىنى ئەزىز قىلدۇق**»[2] دېيىش ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ ئەسلىي قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

ئۆلىمالار: «ھەربىر ئىنسان بىر ئالەمدۇر» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى تەقسىم قىلغاندەك، ئەخلاق - پەزىلەت، ئەقىل - پاراسەتنىمۇ ئۇلار ئارىسىدا ھېكمەت بىلەن تەقسىم قىلغان. شۇڭا، ھەربىر ئىنساندا باشقىلاردا يوق ئارتۇقچىلىق ۋە پەزىلەت مەۋجۇت.

مەسىلە شۇ يەردىكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىدىكى بۇ ئاجايىپ خەزىنىلەرنى بىلمەيدۇ. ھەتتا، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلاپ باقمايدۇ. ھەمىشە ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى باشقىلارنىڭ كۆزىدىن، سىرتقى كۆرۈنۈشلەردىن ياكى ياتلارنى دوراشتىن ئىزدەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، سىز ئۆزىڭىزنى قەدىرلىسىڭىز، ئۆز تالانتىڭىزغا ئىشىنىپ قەددىڭىزنى رۇسلىسىڭىز، دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نىلۇپەرگە ئايلىنىسىز.

[1] تىين سۈرىسى، 4 - ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى، 70 - ئايەت.

## 40. ھەممىلا ئادەمنى رازى قىلىش مۇمكىن ئەمەس

دۇنيادا ھەممىلا ئادەمنى رازى قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر سىز ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشقا تىرىشسىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ رازىلىقى ۋە مۇھەببىتىگىمۇ ئېرىشىسىز. بىر ئاللاھ تائالانىلا رازى قىلىشقا تىرىشىش سىزنى قىسقا يول بىلەن مۇرادىڭىزغا يەتكۈزىدۇ.

بۇ ھەقتە نەسىرىددىن ئەپەندىمنىڭ مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ھېكايىسى بار:

بىر كۈنى ئەپەندىم ئوغلى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۆزى ئېشەككە مىنىۋالغان، ئوغلى بولسا يېنىدا پىيادە يۈرۈۋاتقان ئىكەن. ئۇلار بىر توپ كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، كىشىلەر ئەپەندىمگە ئىشارەت قىلىشىپ:

– قارىمامسىلەر بۇ رەھىمسىز ئادەمگە! كىچىككىنە بالىسىنى ئوتتەك ئىسسىقتا پىيادە ماڭدۇرۇپ، ئۆزى ئېشەككە مىنىۋاپتۇ، – دەپ ئۇنى ئەيىبلەپتۇ.

ئەپەندىم بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈپتۇ – دە، ئورنىغا ئوغلىنى مىندۈرۈپ، ئۆزى پىيادە مېڭىپتۇ. ئۇلار يەنە بىر توپ كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، بۇ قېتىم كىشىلەر ئوغلىغا قاراپ:

– توۋا، قاراڭلار بۇ ئىشقا! ماۋۇ قارغىش قېپىي بالا ياشىنىپ قالغان دادىسىنى پىيادە ماڭدۇرۇپ، ئۆزى ئېشەككە مىنىۋاپتۇ، – دەپ

ئەيىبلەپتۇ.

ئەپەندىم بۇنى ئاڭلاپ، ئېشەكنى توختىتىپ، ئۆزىمۇ بىرگە مىنىۋاپتۇ. دادا - بالا ئىككىسى ئېشەككە مىنىپ، بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. كىشىلەر بۇ ئىككىسىگە قاراپ:

ــ قاراڭلار! ماۋۇ شەپقەتسىز ئادەملەرگە، بىچارە جانىۋارنى قىيناپ، بىر ئېشەككە ئىككىسى مىنىۋالغىنىنى، ــ دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ.

ئەپەندىم بۇنى ئاڭلاپ، ئېشەكنى توختىتىپتۇ ــ دە، ئوغلى بىلەن ئىككىسى ئېشەكتىن چۈشۈپ، پىيادە مېڭىپتۇ. ئېشەكنى بولسا، قۇرۇق يېتىلەپ مېڭىپتۇ. ئۇلار يەنە بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، كىشىلەر تېخىمۇ بەك كۈلۈشۈپ :

ــ قارىمامسىلەر ماۋۇ ئەخمەقلەرگە! ئېشەكنى بىكار قويۇپ، ئۆزلىرى پىيادە مېڭىپتۇ، ئېشەك دېگەن مىنىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەسمىدى؟ ــ دەپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشىپتۇ.

ئەپەندىم كىشىلەرنىڭ نېمىلا قىلسا ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاچچىق بىر كۈلۈپ قويۇپ، ئوغلىغا: «قارا ئوغلۇم! كىشىلەرنىڭ سۆزىگە بېقىپ ياشىساڭ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ ئېشەكنى بېشىمىزدا كۆتۈرۈپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، كىشىلەرنى رازى قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بىز ئۆزىمىز توغرا دەپ بىلگەن يولدا تەۋرەنمەي مېڭىشىمىز، كىشىلەرنى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنى رازى قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم» دەپتۇ.

## ھېكمەت

بۇ دۇنيادا رازى قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر زات ئاللاھ تائالادۇر. ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئادەم زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن كىشىدىن باشقىلارمۇ رازى بولىدۇ،

باشقىلارمۇ ئۇنى ياقتۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ: ‹مەن پالانى بەندەمنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، جىبرىلمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن جىبرىل ئاسمان ئەھلىگە (پەرىشتىلەرگە): ‹ئاللاھ پالانى بەندىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار› دەپ جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاسمان ئەھلىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن، ئۇ كىشى يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭمۇ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ»[1].

ئەمما، ئاللاھ تائالانى نارازى قىلىپ تۇرۇپ پۈتۈن ئىنسانلارنى رازى قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. پۈتۈن ئىنسانلار نارازى بولغان تەقدىردىمۇ، بىر ئاللاھ تائالا رازى بولسا، شۇنىڭ ئۆزى ئىنسان ئۈچۈن يېتەرلىك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىغا پەرۋا قىلماستىن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىسە، ئاللاھ ئۇنى كىشىلەرنىڭ زىيان - زەخمەتلىرىدىن قوغدايدۇ؛ ئەگەر كىشىلەرنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئاللاھنى نارازى قىلسا، ئاللاھ ئۇنى كىشىلەرگە تاشلاپ قويىدۇ»[2].

[1] سەھىھۇل بۇخارىي، 7485 - نومۇرلۇق؛ سەھىھ مۇسلىم، 2637 - نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] سۈنەن تىرمىزىي، 2414 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 41. باتۇرلۇق بىلەن قارامىلىقنىڭ پەرقى

قەدىمكى زاماندا، بىر پادىشاھلىقنىڭ ئىككى داڭلىق چەۋەندازى بولۇپ، بىرىگە «باتۇر»، يەنە بىرىگە «قارام» دەپ ئىسىم قويۇلغان ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئۇلارغا جىددىي ۋە ئىنتايىن مۇھىم بىر پارچە مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ، دەرھال قوشنا ئەلگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇپتۇ.

ئۇلار يول يۈرۈپ بىر دەريانىڭ بويىغا كەلگەندە، ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئىشقا دۇچ كەپتۇ: دەريا سۈيى ناھايىتى شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان بولۇپ، ئۈستىدىكى كونا كۆۋرۈك ئىنتايىن ئاجىزلاپ، بىر تىترەش بىلەنلا سۇغا غۇلاپ چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان ئىكەن.

«قارام» ئىسىملىك چەۋەنداز ھېچقانچە ئويلانماستىنلا كۆۋرۈككە ئات سالىپتۇ. ئۇ تېخى كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغىمۇ بارمايلا، چىرىگەن ياغاچلار سۇنۇپ، ئېتى بىلەن بىرگە شىددەتلىك ئېقىنغا غۇلاپتۇ. ئۇ ئۆلۈم گىردابىدىن تەسلىكتە قۇتۇلۇپ، دەريانىڭ ئۆزلىرى چىققان قىرغىقىغا ئاران قايتىپ چىقىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، «قارام» پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىيالماپتۇ.

«باتۇر» بولسا، دەريا بويىدا ئاتتىن چۈشۈپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا، كۆۋرۈكنىڭ ئەھۋالىغا ۋە ئەتراپقا ئەستايىدىل كۆز يۈگۈرتۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى بىر ئاز نېرىدا تۇرغان بىر كونا كېمىگە چۈشۈپتۇ. ئەمما، ئۇ كېمىنىڭ پالاقلىرى يوق ئىكەن. «باتۇر» دەرھال قىلىچى بىلەن ئەتراپتىكى دەرەخ شاخلىرىنى كېسىپ، پالاق ياساپتۇ. ئاندىن ئېتىنى قىرغاقتا بىخەتەر قالدۇرۇپ، مەكتۇپنى سۇ ئۆتمەيدىغان شەكىلدە

مەھكەم ئوراپ، كېيىن بىلەن سۇغا چۈشۈپتۇ. ئۇ شىددەتلىك دولقۇنلارنى ئەقىل ۋە ماھارەت بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، قارشى قىرغاققا ئامان - ئېسەن ئۆتۈپتۇ ۋە مەكتۈپنى مەنزىلگە ۋاقتىدا يەتكۈزۈپتۇ.

### ھېكمەت

نۇرغۇن كىشىلەر قارامىلىقنى باتۇرلۇق دەپ خاتا چۈشىنىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككىسى ئارىسىدا ئالەمچە پەرق بار:

قارامىلىق – ئەقىلنى ئىشلەتمەي، كۆزنى يۇمۇپ خەتەرگە سەكرەشتۇر. قارام ئادەم ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق كۆزەتمەي، ئەقلى ۋە ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرماي تۇرۇپ، خەتەرگە ئۆزىنى ئاتىدۇ. نەتىجىدە، ئۆزىگىمۇ، قىلماقچى بولغان ئىشىغىمۇ زىيان سالىدۇ.

باتۇرلۇق – خەتەر ئالدىدا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، خەتەرنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت بىلەن ھەرىكەت قىلىشتۇر. باتۇر ئادەم خەتەردىن قورقمايدۇ، ئەمما خەتەرگە ھەرگىز سەل قارىمايدۇ، ئۆزىنى قارىغۇلارچە ئاتمايدۇ، ئەقلىنى قالقان، ئىرادىسىنى شەمشەر قىلىپ ئىش كۆرىدۇ.

ھەقىقىي باتۇرلۇق – تەدبىرنى تولۇق قىلىپ، ئەقىل بىلەن يول تېپىپ، ئاندىن قورقماي ئالغا ئىلگىرىلەشتۇر. تەدبىرسىز، قارىغۇلارچە ئۆزىنى خەتەرگە ئېتىش باتۇرلۇق ئەمەس، بەلكى قارامىلىقتۇر.

## 42. ھەممىلا ئادەم مۇھىم

ئۆتمۈشتە، ھەممە ئىشتا مۇكەممەللىكنى تەلەپ قىلىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ قەسىرىدە دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋە قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر چوڭ سائەت بولۇپ، قەسىردىكى كۈندىلىك ئىشلارنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلەپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ نەپىس سائەت تويۇقسىز توختاپ قاپتۇ. پادىشاھ دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق سائەتسازلارنى چاقىرىپتۇ. ئۇلار سائەتنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپتۇ، ئىچىدىكى زاپچاسلارنى بىر - بىرلەپ تازىلاپتۇ، ئەمما سائەت يەنىلا ماڭماپتۇ. ھەممە ئادەم ئۈمىدسىزلىنىپ: «بۇ بىباھا سائەت ئەمدى ئەخلەتكە ئايلىنىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇ ئەسنادا، قەسىر ئاشخانىسىدا ئىشلەيدىغان، ھېچكىم كۆزگە ئىلمەيدىغان بىر ياش ئاشپەز پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن:

– ئالىيلىرى، رۇخسەت قىلسىلا، مەن بىر قاراپ باقسام بولامدۇ؟ – دەپ سوراپتۇ.

قەسىردىكى ئەمىر - ئۇمەرا، ۋەزىر - ۋۇزەرالار:

– داڭلىق ئۇستىلار قىلالمىغان ئىشنى سەن قازان بېشىدىكى بىر ئادەم قىلالامتىڭ؟ – دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. ئەمما، ئەقىللىق پادىشاھ يىگىتكە رۇخسەت بېرىپتۇ.

يىگىت سائەتنىڭ ئىچىگە ئىنتايىن ئەستايىدىل كۆز

يۇگۇرۇتكەندىن كېيىن، يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر ئەتۈركىنى چىقىرىپ، سائەتنىڭ بۇرجىكىدىكى كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدىغان كىچىككىنە بىر مىخنى سەل چىڭىتىپ قويۇپتۇ. سائەت شۇئان «چىك - چىك» قىلىپ مېڭىشقا باشلاپتۇ.

ھەممەيلەن ھەيرانلىقتىن ياقىلىرىنى چىشلەپتۇ. پادىشاھ تولىمۇ قىزىقىپ:

– سەن بۇنى قانداق قىلدىڭ؟ دۇنيادىكى ئەڭ ماھىر ئۇستىلار رېمونت قىلالمىغان سائەتنى سەن قانداق رېمونت قىلدىڭ؟ – دەپ سوراپتۇ.

يىگىت تەبەسسۇم بىلەن پادىشاھقا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

– ئالىيلىرى، كىشىلەر دائىم پارقىراپ تۇرىدىغان ئالتۇندىن ياسالغان چوڭ چاقلارنىلا مۇھىم دەپ قارايدۇ. ئەمما، شۇ كىچىككىنە مىخ بولمىسا، ئۇ چوڭ چاقلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر - بىرىگە ئۇلىنالمايدۇ. بۇ سائەتتىكى ھەربىر زاپچاس مۇھىم، ھەربىرىنىڭ ئۆتەيدىغان ئۆزىگە خاس رولى بار.

## ھېكمەت

جەمئىيەت سىستېمىسىمۇ خۇددى مۇشۇ چوڭ سائەتكە ئوخشايدۇ. سىز كۆزگە ئىلمايدىغان ھەربىر ئىنسان – مەيلى ئۇ كوچا سۈپۈرىدىغان تازىلىقچى بولسۇن، مەيلى ئاددىي بىر ئىشچى بولسۇن – دۇنيانىڭ ئومۇمىي تەرتىپى ۋە ئايلىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر زاپچاستۇر. دۇنيانىڭ چاقىنى ئايلاندۇرۇشتا ھەر ئىنساننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق رولى بار.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنى تۈرلۈك دەرىجىلەردە ياراتقانلىقىنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «**رەببىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلامدىكەن؟ ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلار**

**ئارىسىدا بىز تەقسىم قىلدۇق. بىرى يەنە بىرىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن (بىرى يەنە بىرىنىڭ خىزمىتىدىن پايدىلانسۇن) دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن دەرىجە جەھەتتە ئۈستۈن قىلدۇق»**[1].

بۇ ئايەت بىزگە جەمئىيەتتىكى خىزمەت تەقسىماتىنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىگە موھتاج قىلىنىشىنىڭ بىر ئىلاھىي قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر ھەممىلا ئادەم پادىشاھ ياكى داڭلىق سائەتساز بولۇپ كەتسە، دۇنيانىڭ قازىنىنى ئاسىدىغان، ئاشخانىسىنى باشقۇرىدىغان ۋە كوچىلىرىنى پاكىزلايدىغان ئادەم قالمايتتى.

كۆزگە چېلىقماسلىق – قىممەتسىزلىك ئەمەس. شۇڭا، ھېچكىمنى تۆۋەن كۆرمەسلىك، سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ياكى جەمئىيەتتىكى ئورنىغا قاراپ باھالىماسلىق لازىم. چۈنكى، بەزىدە پۈتۈن بىر سىستېمىنىڭ غەلىبىسى بىز كۆزگە ئىلمايۋاتقان شۇ كىچىككىنە «مىخ»قا – يەنى ئاددىي بىر ئىنساننىڭ سەممىي خىزمىتىگە باغلىق بولىدۇ.

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى، 32 - ئايەت.

## 43. مەغرۇرلۇق قارماققا ئېلىنغان بېلىقنىمۇ قاچۇرۇپ قويىدۇ

قەدىمكى زاماندا، بېلىق تۇتۇشقا ئىنتايىن ماھىر بىر بېلىقچى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ماھارىتى شۇ قەدەر يۇقىرى ئىكەنكى، ئۇ سۇ بويىغا كېلىپ، بىر كۈن ئىچىدە قايسى تۈردىكى بېلىقتىن قانچىنى تۇتۇشنى نىيەت قىلسا، شۇنچە بېلىق تۇتۇپ ئۆيىگە قايتىدىكەن.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئەتراپتىكىلەرنىڭ مەدھىيەلىرى ئۇنى مەغرۇرلاندۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنى «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇستا بېلىقچى، مەن خاتالاشمايمەن» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇ دەريا بويىدا بېلىق تۇتۇپ ئولتۇرسا، قارماققا ناھايىتى چوڭ بىر بېلىق ئىلىنىپتۇ. بېلىقچى قارماقنىڭ تارتىلىشىدىنلا بۇنىڭ ئادەتتىكى بىر بېلىق ئەمەسلىكىنى سېزىپتۇ. ئۇ يېپىنى تارتىپ بېلىقنى سۇ يۈزىگە چىقىرىپتۇ. بېلىقنىڭ چوڭلۇقى ۋە گۈزەللىكىنى كۆرۈپ، ھاياجاندىن يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپتۇ. ئۇ بېلىقنى دەرھال سۇدىن چىقىرىپ قاچىسىغا سېلىشنىڭ ئورنىغا، يېنىدىكى بېلىقچىلارغا قاراپ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن:

– كۆردۈڭلارمۇ؟ مەندەك ماھىر بېلىقچى بولمىساڭلار، بۇنداق چوڭ ۋە گۈزەل بېلىقنى تۇتالمايسىلەر! مەن بۇ بېلىقنى تۇتۇپ بولدۇم، ئۇ ئەمدى مېنىڭ قولۇمدا، ھېچقانداق كۈچ ئۇنى مەندىن تارتىپ ئالالمايدۇ! – دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇ بېلىقنى قارماقتىن چىقىرىپ، قىرغاققا بىخەتەر تاشلاشقا ئالدىرىماي، مەغرۇرلۇق بىلەن ئويناشقا باشلاپتۇ. ئەمما، تۇيۇقسىز

بېلىق بارلىق كۆچى بىلەن بىر قۇيرۇق شىلتىپتۇ ـ دە، «چاس» قىلىپ يىپ ئۈزۈلۈپتۇ. بېلىق سۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بېلىقچى ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن، قارماقنىڭ يىپىنى بوش تۇتقان ۋە بېلىقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىگە سەل قارىغان ئىكەن.

## ھېكمەت

مەيلى ئىقتىدارىمىز، بىلىمىمىز، تەجرىبىمىز قانچىلىك يۇقىرى بولۇپ كەتسۇن، غەلىبە قىلغاندا مەغرۇرلانماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، مەغرۇرلۇق كۆزنى كور قىلىدۇ. مەغرۇرلۇق ـ غەلىبىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىش ئاخىرلاشمىغۇچە، تولۇق غەلىبە قىلغانغا قەدەر ئېھتىياتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك.

## 44. ئاللاھ ئۈچۈن ۋاز كەچكەن كىشى تېخىمۇ ياخشىسىغا ئېرىشىدۇ

مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە شەھىرى ئامىرىيە رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق شەرىف ئىسىملىك بىر ئىنژېنېر يىگىت بولۇپ، ئۇ پۇلغا ئىشلەش ئۈچۈن قاتارغا بارىدۇ. ئۇ قاتاردا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كىرانلارنىڭ بىرىنىڭ ئىنژېنېرى بولۇپ ئىشلەشكە باشلايدۇ.

شەرىفنىڭ كەسپىي ماھارىتى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايلىق مائاشىمۇ خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ئايدا 5000 قاتار رىيالى(1373 دوللارغا) مائاش ئالاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شىركەت ئۇنى قاتاردىكى بىر ئامېرىكا ھەربىي بازىسى ئىچىدىكى قۇرۇلۇش تۈرىگە يۆتكىمەكچى بولىدۇ. ئەمما، شەرىف بۇ بازا ئىچىدە ئىشلەشنى رەت قىلىدۇ. ئۇ شىركەت مەسئۇللىرىغا: «مەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىشلىتىلىدىغان بىر ھەربىي بازىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەسلا ھەسسە قوشمايمەن» دەپ، ئۆز مەيدانىنى كەسكىن ئىپادىلەيدۇ. شىركەت رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىپ: «ئۇنداقتا، ئارىمىزدىكى ئىش توختامىنى بىكار قىلىمىز» دەپ تەھدىت سالىدۇ. شەرىفمۇ قىلچە ئىككىلەنمەي، قەتئىيلىك بىلەن: «مەيلى، رىزقىمنى ئاللاھ بېرىدۇ» دەيدۇ ۋە توختامنى بىكار قىلىپ، مىسىرغا قايتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ مەزگىل شەرىفنىڭ پۇلغا ئىنتايىن موھتاج بولۇۋاتقان، ئائىلىسىمۇ ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى. ئەمما، ئۇ ھارام ياكى كۆڭلى كۆتۈرمىگەن ئىشنى قىلغاندىن كۆرە، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ،

قىيىنچىلىققا سەۋر قىلىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى ۋە رەھمىتى بىلەن، شەرىف مىسىرغا قايتىپ بىر ھەپتە ئۆتمەيلا، ھەرەمنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بىر قۇرۇلۇش شىركىتى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. شىركەت ئۇنى مەسجىدى ھەرەمنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا ئىنژېنىر بولۇپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئايلىقىغا 15،000 رىيال (4000 دوللار) مائاش بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شەرىف بۇ مۇبارەك قۇرۇلۇشتا ئىشلەشكە باشلايدۇ، شۇنداقلا ھەر نامىزىنى ھەرەم مەسجىدىدە ئوقۇشتەك بۈيۈك شەرەپ ۋە ساۋابقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

## ھېكمەت

ئاللاھ تائالا رازى بولمايدىغان ئىشلاردىن ئۇنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ۋاز كېچىش ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ۋاز كەچكەنلىك بولۇپ، ئاللاھ ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن ھارام ياكى شۈبھىلىك ئىشلاردىن ۋاز كەچكەنلەرگە تېخىمۇ ياخشىسىنى بېرىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «سەن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بىرەر نەرسىدىن ۋاز كەچسەڭ، ئاللاھ ساڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بېرىدۇ»[1].

---

[1] مۇسنەد ئەھمەد، 23074 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 45. ھۇزۇرىڭىزنى بۇزۇشقا يول قويماڭ

بىر كىشى ئىلىم - ھېكمەت ئۆگىنىش ئۇچۇن كۆن بويى ئارام ئالماي يول يۈرۈپ ھېرىپ – چارچاپ، ئاران دېگەندە چەت يېزىدىكى بىر مەشھۇر ئۆلىمانىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

– تەقسىر، مەن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، سىلىدىن ئىلىم - ھېكمەت ئۆگىنەي دەپ كەلدىم، – دەپتۇ. ئۆلىما ئۇ كىشىنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە ھويلىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

– قۇدۇقتىكى سۈرىتىڭىزگە قاراپ تۇرۇپ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىڭ.

ئادەم قۇدۇق سۈيىدىكى سۈزۈك سۈرىتىگە قاراپ تۇرۇپ چوڭقۇر ئويغا چۆككەن پەيتتە، ئۆلىما يەردىن بىر نەچچە تال تاشنى ئېلىپ، قۇدۇققا ئارقا - ئارقىدىن ئېتىشقا باشلاپتۇ. تىنچ تۇرغان قۇدۇق سۈيى چايقىلىپ، ئۇ كىشى سۇ يۈزىدىكى سۈرىتىنى كۆرەلمەپتۇ. ئۆلىما تاش ئېتىشنى توختىتىپ، ئۇ كىشىدىن:

– تەپەككۇر قىلالىدىڭىزمۇ، – دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى سەل رەنجىگەن ھالدا:

– قۇدۇققا توختىماستىن تاش ئېتىپ تۇرسىلا، سۈرىتىمنى قانداقمۇ كۆرەلەي؟ شۇڭا ھېچ تەپەككۇر قىلالمىدىم، – دەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئۆلىما تەبەسسۇم بىلەن ئۇ كىشىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ:

ــ مانا بۇ سىز ئۆگىنىدىغان بىرىنچى ۋە مۇھىم ھېكمەتتۇر! ھۇزۇرىڭىزنى بۇزىدىغان، روھىڭىزنى بۇلغايدىغان، تەپەككۇرىڭىزنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ئىشلاردىن، ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا قايغۇرۇشتىن ساقلىنىڭ. چۈنكى، ھۇزۇرسىز قەلب ساغلام تەپەككۇر قىلالمايدۇ، ــ دەپتۇ.

## ھېكمەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر نامازدا سالام بېرىشتىن بۇرۇن ۋە باشقا ۋاقىتلاردىمۇ مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيتتى.«ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ غەم ـ ئەندىشىدىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن پاناھ تىلەيمەن ۋە ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قەرزدارلىقتىن، دۈشمەنلىرىمنىڭ ماڭا غالىب كېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

ئەقلىمىزنىڭ ساغلام تەپەككۇر قىلىشى، روھىمىزنىڭ ئەسلىي سۈزۈكلۈكىنى ساقلىشى ۋە ھۇزۇرىمىزنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن بىھۇدە غەم - قايغۇدىن، ۋەھىمىگە سالىدىغان ئىشلاردىن ۋە كىشىلەردىن يىراق تۇرۇشىمىز زۆرۈر. چۈنكى، ئەقىل ساغلام، روھ سۈزۈك، كۆڭۈل ئارامىدا بولمىسا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەسلىي سۈرىتىنى، ھەقىقىي ماھىيىتىنى كۆرەلمەيدۇ ــ دە، ئۆزى بولالماي قالىدۇ، ئۆزگە ياراشمايدىغان ھەرىكەت ۋە قىلىقلارنى قىلىپ سالىدۇ، خاتا قارارلارنى چىقىرىپ قويىدۇ.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

## 46. ئازابلانماي دېسىڭىز، كۆڭلىڭىزنى كەڭ تۇتۇڭ

قەدىمكى زاماندا، مىجەزى ناھايىتى چۇس، ئاچچىقى يامان، ھەممە ئىشتىن ۋە ھەممە كىشىدىن قاقشاپ ۋە ئاغرىنىپلا يۈرىدىغان بىر شاگىرت بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇستازى ئۇنى چاقىرىپ، بىر سىقىم تۇز ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. شاگىرت تۇزنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇستاز ئۇنىڭغا تۇزنى بىر ئىستاكان سۇغا سېلىپ، ياخشى ئارىلاشتۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. شاگىرت تۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇستازى ئۇنى ئىچىشكە بۇيرۇپتۇ.

شاگىرت ئۇستازىنىڭ سۆزىنى يىرالمىغانلىقتىن، شاكىرابتەك ئاچچىق تۇز سۇيىنى ئۆزىنى زورلاپ تۇرۇپ ئىچىپتۇ. سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇستازى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

- سۇنىڭ تەمى قانداقراق ئىكەن. شاگىرت چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ:

- بەكمۇ ئاچچىق ئىكەن، - دېگەن گەپنى ئاران دېيەلەپتۇ. ئاندىن ئۇستازى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

- تەييار بول، ئەمدى كۆل بويىغا بارىمىز، بىر سىقىم تۇز ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇما! - دەپتۇ. ئىككىسى كۆل بويىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇستاز شاگىرتقا قاراپ:

- ئوغلۇم! قولۇڭدىكى تۇزنى كۆلگە ئاتقىن، - دەپتۇ. شاگىرت قولىدىكى بىر سىقىم تۇزنى كۆلگە ئېتىپتۇ. ئارقىدىنلا، ئۇستاز شاگىرتقا:

ــ ئەمدى كۆل سۈيىدىن ئىچ، ــ دەپتۇ. شاگىرت كۆلدىن بىر ئىستاكان سۇ ئېلىپ، بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇستاز ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ــ تەمى قانداق ئىكەن؟ ئاچچىقمىكەن؟ شاگىرت:

ــ ياق ئۇستاز، تەمى ناھايىتى تاتلىق ئىكەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇستاز شاگىرتىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ:

ــ ئوغلۇم! ھاياتتىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ خۇددى مۇشۇ بىر سىقىم تۇزغا ئوخشايدۇ. بىر سىقىم تۇز بىر ئىستاكان سۇنىڭ تەمىنى ئۆزگەرتەلىگەن بىلەن بىر كۆلنىڭ سۈيىنىڭ تەمىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئوخشاش مىقداردىكى كۆڭۈلسىزلىك كۆڭلى تار ئىنسانلارنى بىئارام قىلىپ، ئازابلىيالىغان بىلەن كۆڭلى كەڭ ئىنسانلارنى بىئارام قىلالمايدۇ، ئازابلىيالمايدۇ. شۇڭا، كۆڭلۈڭنى كۆلدەك كەڭ تۇتقىن. شۇ چاغدىلا، ھاياتنىڭ ھەرقانداق «تۇزى» قەلبىڭدە ئاسانلا ئېرىپ كېتىدۇ ــ دە، ئۇنىڭ شېرىن تەمىنى تېتىيالايسەن، ــ دەپتۇ.

## ھېكمەت

ھاياتتا يولۇققان كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە قىيىنچىلىقلار كۆڭلى تار ئىنسانلارنى ئاسانلا تىرىكتۈرىدۇ ۋە ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ئەمما، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ئىنسانلار ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىقى، ئەپۇچانلىقى بىلەن ھەممىنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن[1]: «سىلەر قانداق ئادەمنى باتۇر دەيسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «بىز ھېچكىم يىقىتالمايدىغان ئادەمنى باتۇر دەيمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا،

[1] ساھابە ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇئمىن ھالىتىدە كۆرگەن ۋە ئىمان بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن كىشىدۇر. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىغا تۈزىتىش بېرىپ): «باشقىلارنى يىقىتقان كىشى باتۇر ئەمەس، بەلكى ئاچچىقىنى يەڭگەن كىشى ھەقىقىي باتۇردۇر»[1] دەيدۇ.

ئىنسان ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالغانسېرى، غەزىپىنى قانچە بېسىۋالغانسېرى، ئېغىزىدىن چىقىدىغان سۆزگە قانچە ئىگە بولغانسېرى، كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ كىشىلەرنىڭ سەۋەنلىكىنى قانچە ئەپۇ قىلغانسېرى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى قىممىتى ۋە كىشىلەر ئالدىدىكى ھۆرمىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

[1] سەھىھۇل بۇخارىي، 6114 - نومۇرلۇق؛ سەھىھ مۇسلىم، 2609 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 47. ياردەم قىلىش ياخشى ئىش، يولى بىلەن قىلىش تېخىمۇ ياخشى ئىش

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر يىگىت كوچىدا كېتىۋېتىپ، يول بويىدا كونا كىيىملەرنى ياماپ ئولتۇرغان بىر موماينى كۆرۈپتۇ. مومايىنىڭ كىيىملىرى كونا بولسىمۇ، ئەمما چىراي - تۇرقىدىن غۇرۇرلۇق، ئېسىل ئايال ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. يىگىتنىڭ مومايغا ئىچى ئاغرىپ، ياردەم قىلغۇسى كەپتۇ. ئەمما، بىۋاسىتە پۇل بەرسە، مومايىنىڭ غۇرۇرى تۇتۇپ رەت قىلىدىغانلىقىنى سېزىپ، مومايىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمايدىغان بىر چارە ئىزدەش قارارىغا كەپتۇ. يىگىت دەرھال ئۆيىگە بېرىپ، يىپىپىڭى بىر چاپاننى ئېلىپ كېلىپ، مومايىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— موما! بۇ چاپىنىمنىڭ بىر يېرى سۆكۈلۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ، بىر قاراپ باقسىڭىز؟ — دەپتۇ.

موماي چاپاننى قولىغا ئېلىپ، ھەممە يېرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپتۇ. ئەمما، چاپاننىڭ ھېچبىر يېرىدىن يىرتىق تاپالماپتۇ. موماي يىگىتكە قاراپ:

—بالام، بۇ چاپاننىڭ ھېچبىر يېرى يىرتىلماپتۇ؟ — دەپتۇ.

يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ۋاي موما، مەن خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايمەن. لېكىن، سىز چاپىنىمنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن خېلى ۋاقىت سەرپ قىلدىڭىز، كۆز نۇرىڭىزنى ئىسراپ قىلدىڭىز. مەن سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى سېتىۋالغان

بولاي، ــ دەپ موماينىڭ ئالدىغا خېلى كۆپ پۇل قويۇپتۇ.

موماي پۇلنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە:

ــ بالام، بىر قېتىم تەكشۈرۈپ قويغانغا بۇنچە كۆپ پۇل كەتمەيدۇ، مەن بۇ پۇلنى ئالالمايمەن، ــ دەپ رەت قىلىپتۇ.

يىگىت ئىنتايىن ئەدەپ بىلەن:

ــ موما! مەن سىزگە پۇل بېرىۋاتقىنىم يوق، بەلكى بىر ئۇستىنىڭ ماڭا قىلغان ئەستايىدىل خىزمىتىنىڭ ھەققىنى تۆلەۋاتىمەن. ئەگەر بۇ ھەققىنى ئالمىسىڭىز، مەن سىزنى ئاۋارە قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ، كېيىن كىشىلەرگە ئىش قىلدۇرۇشقا پېتىنالماي قالىمەن، ــ دەپتۇ.

موماي يىگىتنىڭ ئالىيجانابلىقىنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ كەمبەغەللىكىنى يۇزىگە سالماي، ئەكسىچە ئۇنىڭغا بىر «خىزمەت» قىلدۇرغان قىياپەتتە ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ ۋە پۇلنى قوبۇل قىلىپ، يىگىتكە چىن قەلبىدىن دۇئا قىپتۇ.

## ھېكمەت

ياردەم قىلىش ــ نوقۇل ماددىي يۆلەشلا ئەمەس، بەلكى قارشى تەرەپنىڭ ئىنسانىي ئىززىتىنى ساقلاپ قالغان ھالدا كۆڭۈل بۆلۈشتۇر. ياردەم قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ئۇنى بىر «سەدىقە» ياكى «ياردەم» سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى بىر «سوۋغات» ياكى «ھەق» ياكى «تەكلىپ» سۈپىتىدە سۇنۇشتۇر. چۈنكى، ھەقىقىي ياردەم چىن ئىخلاس ۋە مېھرىبانلىقنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، مېھرىبانلىق ئاۋۋال قەلبنى ئىللىتىپ، ئاندىن قولنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ.

كىشىلەرگە ياردەم قىلغاندا، ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىپ قويۇشتىن، ئۇلارنىڭ نامراتلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويۇشتىن،

مىننەت قىلىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدىغان ھەر تۈرلۈك ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم. ئاللاھ تائالا مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت بېرىشنىڭ سەدىقىنى بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «**ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بەرگەن سەدىقەڭلارنى) مىننەت قىلىش ۋە (سەدىقە بېرىلگەن كىشىنى) رەنجىتىش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار**»[1]

[1] بەقەرە سۈرىسى، 264 - ئايەت.

## 48. باشقىلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئارزۇيىڭىزدىن ۋاز كەچمەڭ

بىر زامانلاردا، ھەيۋەتلىك بىر تاغنىڭ چوققىسىدا بىر جۈپ بۈركۈتنىڭ ئۇۋىسى بار ئىكەن. ئۇۋىدا ئىككى دانە چوڭ بۈركۈت تۇخۇمى بولۇپ، بىر كۈنى قاتتىق يەر تەۋرەشتە تۇخۇملارنىڭ بىرى تاغدىن دومىلاپ چۈشۈپ، تاغ باغرىدىكى بىر توخۇ كاتىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ.

كاتەكتىكى كۈرۈك توخۇ بۇ چوڭ تۇخۇمنى ئۆزىنىڭ تۇخۇمى دەپ ئويلاپ، بېسىپ يېتىپتۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇخۇمدىن كۆزلىرى ئۆتكۈر، تومشۇقى ئۇچلۇق بىر بۈركۈت چۈجىسى چىقىپتۇ. لېكىن، بۇ بۈركۈت توخۇلار ئارىسىدا تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى توخۇ دەپ ئويلاپ چوڭ بوپتۇ. توخۇلارغا ئوخشاش يەر تاتىلاپتۇ، يەرگە چېچىلغان دانلارنى يەپتۇ. ئەتراپىدىكى توخۇلار ئۇنىڭغا: «سەن بىر توخۇ، توخۇلار ھەرگىز ئۇچالمايدۇ» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇچۇشنى ئەسلا ئويلاپ باقماپتۇ.

بىر كۈنى، ياش بۈركۈت كۆك ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان بىر قىران بۈركۈتنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇ دەقىقىدە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا غەلىتە بىر خىل سېزىم ۋە ئىنتىلىش پەيدا بولۇپ:

– ئاھ، مەنمۇ شۇ بۈركۈتكە ئوخشاش ئاسماندا پەرۋاز قىلالىسامچۇ!
– دەپتۇ ھەۋەس بىلەن.

ئەتراپىدىكى توخۇلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ:

– ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ سەن دېگەن بىر توخۇ، سېنىڭ تەقدىرىڭ

مۇشۇ تار كاتەك بىلەن چەكلەنگەن، بولمىغۇر خىياللارنى قىلما، سەن ئۇچالمايسەن! ـ دەپتۇ.

ياش بۈركۈت ئەتراپىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ كىملىكىدىن ۋە ئۇچۇش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۇچۇشنى ئەسلا ئويلاپ باقماپتۇ ۋە ئۆمۈر بويى ئۆزىنى بىر «توخۇ» دەپ ئويلاپ، يەردە دان تاتىلاپ يۈرۈپ قېرىپ ئۆلۈپتۇ.

ئەسلىدە، ئۇ كۆكنىڭ ئەركىسى ـ بۈركۈت بولۇپ تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئارزۇسى ۋە كىملىكىدىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۈچۈن بىر توخۇ سۈپىتىدە دۇنيادىن كېتىپتۇ.

## ھېكمەت

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «**بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن**»[1] دەپ بۇيرۇغان. يەنى يېتەرلىك سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ تائالاغا تايانغىن ۋە ئۇ ئىشقا قەدەم قويغىن.

سىز نېمىگە ئىشەنسىڭىز ۋە نېمىنى ئارزۇ قىلسىڭىز شۇ بولىسىز. ئەگەر ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر سىزگە «قىلالمايسەن»، «سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ» دېسە، ئۇلار سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزنى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ چەكلىمىسىنى سۆزلەۋاتقان بولىدۇ. لېكىن، سىز «قىلالايمەن» دەپ ئىشەنسىڭىز ۋە قىلىشقا ئىنتىلسىڭىز، چوقۇم قىلالايسىز. شۇڭا، باشقىلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئارزۇلىرىڭىزدىن، نىشانىڭىزدىن ۋاز كەچمەڭ.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: -159ئايەت.

# 49. نادان ئادەم قولىدىكى گۆھەرنىمۇ بىلمەيدۇ

1948-يىلى گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا ئافرىقا قىتئەسىگە ئالماس ۋە قىممەتلىك تاشلارنى قېزىش ئۈچۈن بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «يۇكى» ئىسىملىك بىر ياپونىيەلىكمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى ناھايىتى ھەرىكەتچان بىر يىگىت ئىدى. ئۇ ھەر ئەتىگىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالماس ئىزدەپ، ئاخشىمى كەچ قايتىدۇ. لېكىن، ئىككى ھەپتە جاپالىق ئىزدىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ئىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن «يۇكى» ياپونىيەگە قايتماقچى بولىدۇ. شۇ كۈنى كەچتە، ئۇ ياپونىيەگە قايتىش تەييارلىقى قىلىش ئۈچۈن مېھمانخانىغا ئالدىراپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ئالدىغا قولىدا يوغان بىر تاش كۆتۈرىۋالغان بىر ئافرىقىلىق كىشى چىقىدۇ. ئافرىقىلىق ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئازراق تاتلىق - تۈرۈم بەدىلىگە بۇ تاشنى ئۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. يۇكى ئويلىنىپ تۇرماستىنلا ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، تاشنى ئېلىپ ياتىقىغا قايتىدۇ.

ئۇ ياتىقىدا تاشنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى بىلەن ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. نەتىجىدە، بۇ تاشنىڭ ئاز دېگەندە نەچچە مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يارايدىغان ئىنتايىن قىممەت باھالىق تاش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ. «يۇكى» شۇ ھامان خاتىرە دەپتىرىگە تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازىدۇ:

«ئەسلىدە بۇ كىشى ئىنتايىن قىممەتلىك بىر خەزىنىگە ئىگە

ئىدى، لېكىن ئۇ قولىدىكى گۆھەرنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى بىر نەچچە تال ئەرزىمەس تاتلىق - تۈرۈمغا تېگىشتى. ئەگەر ئۇ قولىدىكى تاشنىڭ قىممىتىنى بىلگەن بولسا، ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلمايتتى. بەلكى، ئۇ شۇ بىر تال تاش بىلەن ئۆزىنى، ئائىلىسىنى ۋە يۇرتىدىكى بارلىق كىشىلەرنى پېقىرلىقتىن ۋە ئاچلىقتىن قۇتقۇزۇپ قالالايتتى».

## ھېكمەت

نادان كىشىلەر خۇددى مۇشۇ ھېكايىدىكى ئافرىقىلىق كىشىدەك، ئىلكىدىكى قىممەتلىك گۆھەرلەرنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن جايىدا پايدىلىنالمايدۇ. ئىنسان قولىدىكى بايلىقتىن جايىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتىنى، شۇنداقلا تالانتىنى كەشپ قىلىشى لازىم. ئىلىم ۋە ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىنىپ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرمىغان كىشى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان بايلىقلارنى يا ئۆزى پايدىلىنالماي ياكى باشقىلارغا پايدا يەتكۈزەلمەي زايە قىلىدۇ.

## 50. مىننەتسىز ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى كاتتا بولىدۇ

ياشىنىپ قالغان بىر جۈپ قەدىناس ئەر - خوتۇن جۇدۇنلۇق بىر كېچىدە مېھمانخانا ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىرى شەھەرنىڭ چېتىدىكى كىچىك بىر مېھمانخانىغا كېلىدۇ. ئۇلار قەھرىتان سوغۇقتىن قۇتۇلۇپ، كېچىنى بۇ مېھمانخانىدا ئىسسىققىنا ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. ئەمما، مېھمان كۈتۈشكە مەسئۇل «جورج بولدىن» ئىسىملىك يىگىت مېھمانخانىدا بوش ھۇجرا قالمىغانلىقىنى ئەپسۇسلىنىش بىلەن ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ.

ياشانغان ئەر - ئايالنىڭ ئوڭايسىزلانغانلىقىنى كۆرگەن يىگىت ئۆزىنىڭ كىچىك ھۇجرىسىنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارنى شۇ ھۇجرىدا ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا كېرەكلىك خىزمەتلەرنى قىزغىنلىق بىلەن تەقدىم قىلىدۇ. ياشانغان ئەر - ئايال راھەت بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى يىگىت بىلەن خوشلىشىدۇ. ئۇلار يىگىتكە كۆپ رەھمەت ئېيتىپ:» سىز ناھايىتى ياخشى بالا ئىكەنسىز. كېلەچەكتە چوقۇم بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر مېھمانخانىغا مۇدىر بولۇشقا لايىق ئىكەنسىز» دەپ گۈزەل تىلەكتە بولۇشىدۇ.

ئاردىن ئىككى يىل ئۆتىدۇ. يىگىت بۇ كىچىك ئىشنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ياشانغان ئەر - ئايال ئۇنتۇمايدۇ. ئۇلار ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدە ناھايىتى كۆركەم، كاتتا بىر مېھمانخانا سالغاندىن كېيىن، دەرھال يىگىتنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنى شۇ مېھمانخانىغا مۇدىر قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇلار مېھمانخانىنى ئۆز فامىلىسى بىلەن «ۋىليام ۋالدورف ئاستۇر مېھمانخانىسى» دەپ

ئاتايدۇ. جورج بولدىن 23 يىل بۇ مېھمانخانىدا مۇدىر بولۇپ ئىشلەيدۇ.

## ھېكمەت

دىنىمىزدا ھەرقانداق ياخشىلىقنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلىشقا، مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالادىنلا كۈتۈشكە بۇيرۇشنىڭ ھېكمىتى شۇ يەردىكى، قىلىنغان ياخشى ئىشلارنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم تولۇق بېرەلمەيدۇ. ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **«ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا ياخشىلىقتۇر»**[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىققا بېرىدىغان مۇكاپاتى بىرگە ئون ھەسسىدىن باشلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **«كىمكى (دەرگاھىمىزغا) بىر ياخشىلىق بىلەن كەلسە، ئۇ ئون ھەسسە ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ»**[2].

بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرگە ھېچقانداق مىننەتدارلىق ياكى مۇكاپات كۈتمەستىن ياخشىلىق قىلىش بىرىنى پۇل - مالغا ۋە يۈز - ئابرۇيغا چوقۇنۇشنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد قىلىپ، تەرىپلەپ بولغۇسىز دەرىجىدە بەخت - سائادەت تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.

---

[1] رەھمان سۈرىسى، 60 - ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى، -160 ئايەت.

## 51. تۆكۈلگەن سۈتكە قايغۇرماڭ

دائىم غەمكىن يۈرىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئەيىبلەپلا يۈرىدىكەن. «ئۇنداق قىلمىغان بولسام، مۇنداق بولماس ئىدى»، «ئۇ گەپنى دېمىگەن بولسام، بۇنداق بولماس ئىدى» دەپ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپلا يۈرىدىكەن. مۇئەللىم ئەھمەدنى خېلى ۋاقىت كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن غەمكىن يۈرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ.

بىر كۈنى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىغا كىرىشتىن ئاۋۋال دوسكىنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلگە بىر بوتۇلكا سۈت قويۇپ قويۇپتۇ. ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىغا كىرىپ: «بۈگۈنكى پسىخولوگىيە دەرسىمىز بىلەن بۇ سۈتنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ؟» دەپ ھەيران قېلىشىپتۇ.

بىرئازدىن كېيىن مۇئەللىم سۈتنى قولىغا ئېلىپ، سۇ ئىدىشىغا تۆكۈۋېتىپتۇ. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

ــ تۆكۈلگەن سۈت ئۈچۈن قايغۇرماڭلار! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنى ئىدىشنىڭ يېنىغا كېلىپ، تۆكۈلگەن سۈتنى كۆرۈپ بېقىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ــ ياخشىراق قاراڭلار! مەن سىلەرنىڭ مۇشۇ بىر سائەتلىك دەرسنى مەڭگۈ ئەستە تۇتۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ بوتۇلكىدا بىر تامچىمۇ سۈت قالمىدى، سىلەر ئۇنىڭ ئىدىشقا تۆكۈۋېتىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. ئەمدى، بىز

قانچە ھەسرەت چەكسەكمۇ، قايغۇرساقمۇ سۈت ئەسلىگە كەلمەيدۇ، ئۇنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا قايغۇرۇپ، ھەسرەت چېكىپ ئۆزۈڭلارنى قىيناشنىڭ ئورنىغا كېيىنكى ئىشلىرىڭلارنى پۇختا، ياخشى قىلىڭلار! ــ دەپتۇ ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ.

## ھېكمەت

ئۆتۈپ كەتكەن ئىش ئۈچۈن قايغۇرۇش ئۆزىنى ئازابلىغاندىن باشقا ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشىدۇر ۋە ئاللاھقا يېقىملىقتۇر. ھەر ئىككىلىسىدە ياخشىلىق بار. سەن ئۆزۈڭگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشقىن، ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن، بوشاڭلىق قىلمىغىن. ساڭا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، ‹ئەگەر مۇنداق قىلغان بولسام، مۇنداق بولاتتىكەن› دېمەي، ‹ئاللاھ تەقدىر قىپتىكەن، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ› دېگىن. چۈنكى ‹ئەگەر› دېگەن سۆز شەيتاننىڭ ئىشىغا يول ئاچىدۇ»[1].

ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، يۈز بېرىپ بولغان خاتا ياكى زىيان ئۈچۈن قايغۇرۇش ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدۇ، ئېنېرگىيەنى خورىتىدۇ. شۇڭا ئۆتمۈش بىلەن قالماي، كېلەچەكنى ئويلىغان ياخشى.

[1] سەھىھ مۇسلىم، 2664 - نومۇرلۇق ھەدىس.

# 52. ۋاز كېچىش ئەڭ ئاسان ئىش

بۇرۇنقى زاماندا، بىر ياش يىگىت ھاياتىدىكى قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن ۋاز كەچمەكچى بوپتۇ. ئۇ ھەممە ئىشنىڭ بەكلا مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى، قىلغان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسىز قالغانلىقىنى ئويلاپ ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ يېزا سىرتىدىكى بىر دانىشمەن بوۋاينىڭ ئالدىغا مەسلىھەت سوراپ بېرىپتۇ:

– بوۋا! مەن ئەمدى بەس! دېدىم، بۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈش بەك قىيىن ئىكەن، ۋاز كېچىپلا قۇتۇلماقچى بولۇۋاتىمەن، – دەپتۇ يىگىت ئۈمىدسىزلىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى بوۋايغا تىكىپ تۇرۇپ.

بوۋاي بىر ئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، يىگىتنى تاغ باغرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

– ئەگەر سەن مۇشۇ تاغنىڭ چوققىسىغا چىقماقچى بولساڭ، نۇرغۇن تەر تۆكۈشۈڭ، پۇتلىرىڭ ئاغرىشى، ھەتتا يىقىلىپ جاراھەتلىنىشىڭ مۇمكىن. لېكىن، مۇشۇ يەردە توختاپ، كەينىڭگە يېنىپ كەتسەڭ، ھېچقانداق كۈچ كېرەك بولمايدۇ. چۈنكى، ۋاز كېچىش ئۈچۈن پەقەت «توختىدىم» دېيىشلا كۇپايە.

يىگىت تۇيۇقسىز جىمىپ قاپتۇ. بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

– ئويلىنىپ باق، دۇنيادا ھېچقانداق كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان بىردىنبىر ئاسان ئىش ۋاز كېچىشتۇر. ئەمما، ئاسان يول ھېچقاچان

سېنى گۈزەل مەنزىلگە ئېلىپ بارمايدۇ، ـ دەپتۇ.

يىگىت بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن نومۇس قىپتۇ. ئۇ ۋاز كېچىشنىڭ بىر تاللاش ئەمەس، بەلكى قورقۇنچاقلىقنىڭ ۋە ئاجىزلىقنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، يىگىت قايتىدىن ئىرادە ۋە غەيرەتكە كېلىپ، يولىنى داۋام قىپتۇ.

## ھېكمەت

ئادەتتە ئەڭ ئاسان يوللار بىزنى ئەڭ كۆپ پۇشايمانغا ئېلىپ بارىدۇ. ۋاز كېچىش ھەر ۋاقىت قولاي بىر تاللاش سۈپىتىدە ئالدىمىزغا چىقىدۇ. لېكىن، قىيىنچىلىقلارغا يولۇققاندىمۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن ۋاز كەچمەي، جاپاغا چىداپ غەيرەت قىلغۇچىلار كىشىلەر ھەۋەس قىلغۇدەك يۈكسەك چوققىلارغا چىقالايدۇ.

# 53. قولىنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايماندۇر

بىر قۇرۇلۇش ئۇستىسى مەلۇم بىر بىناكارلىق شىركىتىدە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، ئاخىرى دەم ئېلىشقا چىقىدىغان ۋاقتى كەپتۇ. ئۇستا شىركەت لېدىرىگە ئۆزىنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش ئىلتىماسىنى سۇنۇپتۇ. لېدىر ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ياخشى بىر ئۆي سېلىپ بېرىپ، ئاندىن دەم ئېلىشقا چىقىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

قۇرۇلۇشچى لېدىرنىڭ سۆزىنى يىرالماي مەجبۇرىي ھالدا ماقۇل بوپتۇ. لېكىن، كۆڭلىدە نارازى بولۇپ، شۇ ئۆينى بىر ئامال قىلىپ تېزرەك پۈتكۈزۈپ، لېدىرنىڭ كۆزىدىن يىراق بولۇشقا ئالدىراپتۇ. دەم ئېلىشقا چىقىشقا ئالدىراپ تۇرغاندا، لېدىرنىڭ ئۆي سېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا قەتئىي خۇشياقمىغاچقا، ئىشنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا، يۈزەكى قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۆيگە ئىشلىتىدىغان ماتېرىياللارنىمۇ ئەستايىدىل تاللىماي، ئەرزان ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ، ئۆينىڭ ئۇلىنىمۇ مۇستەھكەم قىلماي، تاملىرىنىمۇ تۈز، سىلىق ئىشلىمەي، ئۆينىڭ سۈپىتىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمەي بولۇشىغا ئىشلەپ، ئۆينى پىلاندىن بۇرۇنلا پۈتتۈرۈپتۇ.

ئۆينى پۈتتۈرگىنىگە خۇشال بولغان قۇرۇلۇشچى ئەتىسى ئالدىراش لېدىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئاچقۇچنى لېدىرنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۆي پۈتتى، ئاچقۇچنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مېنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرگەيسىز. لېدىر ئاچقۇچقا بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن،

كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

– ھە بوپتۇ، تېزلا پۈتتۈرۈپسىز. ئەسلىدە، بۇ ئۆينى شىركىتىمىزگە ئاتىغان قىرىق يىللىق جاپالىق ئەمگىكىڭىز بەدىلىگە سىزگە ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن سالدۇرغان ئىدۇق. ئاچقۇچنى ئېلىڭ، ئۆي سىزنىڭ، ياخشى ئولتۇرۇپ دەم ئېلىڭ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان قۇرۇلۇشچى ئۆينى قولىنىڭ ئۇچىدىلا پۈتتۈرۈپ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، بارماقلىرىنى چىشلەپتۇ. ئەمما، بۇ چاغدىكى پۇشايمان نېمىگە ئەسقاتسۇن!

## ھېكمەت

دىنىمىزنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بولۇپ، ئۇلار: ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساندىن ئىبارەتتۇر. ئەرەب تىلىدا «ئېھسان» سۆزى «ياخشىلىق قىلىش» مەنىسىدىن باشقا «ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش، ئەستايىدىل قىلىش، سۈپەتلىك قىلىش» دېگەن مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **«شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋالىق قىلغۇچىلار ۋە ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»**[1].

ھەربىر ئىش – مەيلى باشقىلارغا ئىشلەپ بېرەيلى ياكى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئىشلەيلى – ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر. قىلغان ئىشىمىز بىزنىڭ خاراكتېرىمىزنى ۋە كەلگۈسىمىزنى بەلگىلەيدۇ. يۈزەكى ئىش قىلىپ ۋاقىتنى ياكى كۈچنى تېجەپ قالغاندەك قىلغان بىلەن، ئۇنىڭ زىيىنى ئاخىرىدا يەنىلا ئۆزىمىزگە بولىدۇ. مەسئۇلىيەتچانلىق – تەقۋالىقنىڭ رېئال ھاياتتىكى ئەينىكىدۇر.

---

[1] رەئد سۈرىسى، 128 - ئايەت.

## 54. ھاياتىڭىزدىكى چوڭ تاشلارنى ئۇنتۇماڭ

بىر كۈنى، بىر پەلسەپە پىروفېسسورى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە بىر چوڭ ئەينەك قاچىنى قويۇپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران بولۇشۇپتۇ.

پىروفېسسور ئالدى بىلەن قاچىغا بىر نەچچە دانە چوڭ تاشنى سېلىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن:

ـ قاچا توشتىمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ. ئوقۇغۇچىلار بىردەك:

ـ ھەئە، توشتى، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاندىن پىروفېسسور بىر خالتا ئۇششاق شېغىل تاشنى ئېلىپ، قاچىغا تۆكۈپتۇ ۋە قاچىنى يېنىك سىلكىپتۇ. شېغىل تاشلار چوڭ تاشلارنىڭ ئارىسىدىكى بوشلۇقلارغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە سوراپتۇ:

ـ ئەمدىچۇ، توشتىمۇ؟ ـ ئوقۇغۇچىلار كۈلۈشۈپ:

ـ شۇنداق، ئەمدى توشتى، ـ دېيىشىپتۇ. پىروفېسسور بۇ قېتىم بىر خالتا قۇمنى ئېلىپ قاچىغا تۆكۈپتۇ. قۇم تاشلار بىلەن شېغىللارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ كىچىك بوشلۇقلارنىمۇ تولدۇرۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، پىروفېسسور قاچىغا بىر ئىستاكان سۇ قۇيۇپتۇ، سۇ قۇملارنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كېتىپتۇ.

پىروفېسسور ئوقۇغۇچىلىرىغا قاراپ:

ـ چوڭ تاشلار ھاياتىڭلاردىكى ئەڭ مۇھىم ۋە قىممەتلىك نەرسىلەر بولۇپ، ئۇلار: ئائىلە، ساغلاملىق، ئىمان ۋە يارامىلىق ئادەم بولۇش قاتارلىقلاردۇر. ئەگەر ھەممە نەرسە يوقاپ، پەقەت مۇشۇ

نەرسىلەرلا قالسىمۇ، ھاياتىڭلار يەنىلا نورمال ۋە مەنىلىك داۋاملىشىدۇ. شېغىل تاشلار خىزمىتىڭلار، ئۆيۈڭلار، ماشىناڭلارغا ئوخشاش مۇھىم، ئەمما بىرىنچى ئورۇندا تۇرمايدىغان نەرسىلەردۇر. قۇم ۋە سۇ بولسا تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك، ئەھمىيەتسىز ئىشلاردۇر. ئەگەر بىز قاچىنى باشتا قۇم بىلەن تولدۇرۇۋەتسەك، چوڭ تاشلارغا ئورۇن قالمايدۇ، ھاياتمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ـ دەپتۇ.

## ھېكمەت

ھاياتمۇ ئاشۇ ئەينەك قاچىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر بىز بارلىق ۋاقتىمىزنى ۋە زېھنىمىزنى كىچىك، ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىۋەتسەك، ھاياتىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئىشلارغا ۋە مۇھىم كىشىلەرگە ۋاقىت چىقىرالماي قالىمىز. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى قىلىشىمىز، ئەڭ مۇھىم كىشىلىرىمىزگە ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك. مەسئۇلىيەتچان ئادەم ھايات قاچىسىغا ئاۋۋال نېمىنى سېلىشنى بىلىدىغان ئادەمدۇر.

## 55. ئادەت خاراكتېرلىك قاتمال تەپەككۇردىن ھالقىڭ

بۇرۇن بىر ئائىلىنىڭ كۆكتاتلىقىدا ناھايىتى يوغان بىر تاش بار ئىكەن. تاشنىڭ بىر قىسمى تۇپا ئاستىغا كۆمۈلگەن بولۇپ، كۆكتاتلىققا كىرگەن ئادەم سەللا دىققەت قىلمىسا، ئۇنىڭغا پۇتلىشىپ يىقىلىدىكەن، بەزىدە بەدىنى سۈرۈلۈپ يارىلىنىدىكەن. بىر كۈنى ئوغلى دادىسىدىن سوراپتۇ:

– دادا، ئاۋۇ تاشتىن بەكمۇ بىزار بولدۇم، نېمىشقا ئۇنى كولاپ چىقىرىۋەتمەيمىز؟

– ئاشۇ تاشنى دەمسەن؟ ئۇ تاش بوۋاڭ ياشىغان چاغلاردىلا ئاشۇ يەردە بار ئىكەن. ئۇ شۇنچىۋالا چوڭ تۇرسا، ئۇنىڭ يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن قىسمىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنى كولاپ چىقارغىلى بولامدۇ - بولمامدۇ؟ ئۇمۇ بىر گەپ. چىقارغىلى بولغان تەقدىردىمۇ ناھايىتى كۆپ كۈچ ۋە تەر تۆكۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ يەر ئۈستىدىكى قىسمىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىغاندا، يەر ئاستىدىكى قىسمىمۇ كىچىك ئەمەس. ئۇنى يۆتكەش بەك قىيىن. شۇڭا، يەنىلا يېنىدىن ئۆتكەندە ئېھتىيات قىلىپ ماڭغان ياخشى، – دەپتۇ دادىسى ئوغلىغا جاۋابەن.

ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ، كۆكتاتلىق كېيىنكى ئەۋلادقا قاپتۇ. ئەينى چاغدىكى ئوغۇلمۇ تويى قىلىپ دادا بوپتۇ. بىر كۈنى ئايالى ئاچچىقلاپ:

– كۆكتاتلىقتىكى ئاۋۇ چوڭ تاش كۆزۈمگە ئىنتايىن سەت كۆرۈنۈۋاتىدۇ، بىر كۈنى ئادەم چاقىرىپ، ئۇنى يۆتكىۋېتەيلى، – دەپتۇ.

– بولدىلا، ئۇ تاش بەك ئېغىر. ئەگەر ئۇنى يۆتكىگىلى بولىدىغان ئىش بولسا، مەن كىچىك چاغدىلا ئاللىقاچان دادام بىلەن تەڭ يۆتكىۋەتكەن بولاتتۇق، – دەپتۇ ئېرى.

ئايالنىڭ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. چۈنكى، ئۇمۇ نۇرغۇن قېتىم بۇ تاشقا پۇتلىشىپ، يىقىلىپ چۈشكەنىكەن. ئايال بىر كۈنى ئەتىگەندە بىر ئوتىغۇچ بىلەن بىر چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ، تاشنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئايال ئاۋۋال چېلەكتىكى سۇنى تاشنىڭ ئەتراپىغا تۆكۈپ، يەرنى يۇمشىتىپتۇ. ئاندىن بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن، ئوتىغۇچ بىلەن تاشنىڭ ئەتراپىدىكى توپىنى كولاشقا باشلاپتۇ. ئايال كۆڭلىدە «تولۇق بىر كۈنى كولايمەنغۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئەمما، بىر قانچە مىنۇت كولا - كولمايلا تاشنىڭ تېگى كۆرۈنۈپتۇ. ئەسلىدە، بۇ تاشنىڭ يەر ئاستىدا قالغان قىسمى ئۇلار ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا چوڭ ئەمەس ئىكەن، پەقەت يەر ئۈستىدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشى بىلەنلا باشقىلارنى قورقۇتۇپ كەلگەن بولۇپ، تاشنى يۆتكەش ناھايىتى ئوڭاي ئىش ئىكەن. پەقەت ئۇلار ئادەت خاراكتېرلىك قاتمال تەپەككۇرى بىلەن «بۇ تاشنى يۆتكەش مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئىشىنىپ كەلگەن ئىكەن.

## ھېكمەت

رېئال تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقلار دائىم ئاشۇ «قورام تاش»قا ئوخشاش بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز ۋە قەلبىمىزنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالىدۇ. بىز بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، بىزدىكى جۈرئەتسىزلىك ۋە ئاجىزلىق چوڭايتىش ئەينىكىدەكلا بىر تامچە سۇنى دەريادەك، دەريانى دېڭىزدەك چوڭايتىپ كۆرسىتىدۇ. بىز ئادەتتە غالىبلارنى ئىنتايىن سىرلىق، غايەت زور كۈچكە ئىگە كىشىلەر دەپ ئويلايمىز. ھالبۇكى، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنسان بولۇپ، پەقەت تەپەككۇر ئۇسۇلى بىزدىن پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا غەلىبە قىلغان. ئەمەلىيەتتە، بىزمۇ تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتسەكلا،

ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قىلالايمىز.

قۇرئان كەرىمدە تەپەككۇر قىلىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا ۋە قاتمال تەپەككۇرغا ئېسىلىۋالماسلىققا بۇيرۇغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ. ئۆز ۋاقتىدىكى كاپىرلارنىڭ كونىغا ئېسىلىۋېلىپ، ھەق دىنىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ھەققىدە مۇنۇ ئايەت چۈشكەن: **«ئۇلار: ‹بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق› دەيدۇ»**[1].

[1] شۇئەرا سۈرىسى، 74 - ئايەت.

## 56. نەزەر دائىرىڭىزنى كېڭەيتىڭ

قەدىمكى زاماندا، ئېگىز تاغ باغرىدىكى قەبىلىلەر ئارىسىغا جايلاشقان بىر كەنت بولۇپ، بۇ كەنتتىكى كىشىلەر ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا بىر خىل رىتىمدا ياشايدىكەن: قۇياش چىققاندا ئېتىزغا چىقىپ، قۇياش پاتقاندا ئۆيگە قايتىدىكەن. ئۇلارنىڭ دۇنياسى پەقەت ئەتراپىدىكى ئېگىز تاغلار بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇپ، «تاغنىڭ كەينىدە ھېچ نەرسە يوق، دۇنيا پەقەت بىزنىڭ مۇشۇ كەنتىمىزدىنلا ئىبارەت» دەپ ئويلايدىكەن.

بۇ كەنتتىكى بىر ياش دائىم تاغ چوققىسىغا قاراپ:

– ئەگەر بۇ تاغ بىزنى قوغداۋاتقان ئەمەس، بەلكى بىزنى قاماپ قويغان بولسىچۇ؟ – دەپ ئويلايدىكەن. باشقىلار ئۇنى «ئەخمەق» دەپ قارايدىكەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەجدادلار كۆرمىگەن نەرسىنى كۆرۈشنى خىيال قىلىشنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىق سانىلىدىكەن.

بىر كۈنى، بۇ ياش تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىشقا بەل باغلاپتۇ. كىشىلەر ئۇنى توسۇپ:

– ئۇ يەردە ھاۋا يوق، سەن ئۇ يەردىن يىقىلىپ ئۆلىسەن، ئۇ يەردە كۆرۈشكە ئەرزىگۈدەك ھېچ نەرسە يوق! – دېيىشىپتۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ «بېكىنمە تەپەككۇرى» تاغنىڭ چوققىسىنى دۇنيانىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى دەپ بېكىتىۋالغان ئىكەن.

ھېلىقى ياش ئۇلارنىڭ توسقىنىغا پەرۋا قىلماي، تاغقا ئۆرلەپتۇ. يول بويى پۇتلىرى تىلىنىپ، نەپىسى سىقىلىپ ناھايىتى ئېغىر

قېنىنىلىپتۇ، ئەمما ئىرادىسىدىن يانماپتۇ. يىگىت ئاخىرى تاغنىڭ ئەڭ چوققىسىغا چىقىپتۇ. چوققىدا كۆرگەن مەنزىرە ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

ئۇ تاغنىڭ كەينىدە قاراڭغۇلۇقنى ئەمەس، بەلكى چەكسىز ئۇپۇق، كۆپكۆك دېڭىز، ياپيېشىل ۋادى، رەڭدار شەھەرلەر ۋە تېخىمۇ ئېگىز، ئەمما يېتىپ بارغىلى بولىدىغان يېڭى چوققىلارنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇرۇلۇپ كەنتكە قارىغىنىدا، «دۇنيا مۇشۇنىڭدىنلا ئىبارەت» دەپ ئويلىغان «بۈيۈك» كەنتنى كىچىك بىر قۇتىدەكلا كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ شۇنى ھېس قىپتۇكى، كەنتتىكىلەرنى قىيالار ئارىسىغا قاپساپ قويغىنى ئېگىز تاغ ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ «دۇنيا مۇشۇ كەنتىمىزدىنلا ئىبارەت» دېگەن تار تەپەككۇرى ئىكەن.

ئۇ ياش كەنتكە قايتىپ كېلىپ، ئۆزى كۆرگەن بۈيۈك دۇنيانى سۆزلەپ بەرگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنمەپتۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى تېخىچە شۇ تار چەمبىرەك ئىچىدە قاپسىلىپ قالغان ئىكەن.

## ھېكمەت

ئەڭ چوڭ تۇرمە ــ ئادەمنىڭ ئۆز تەپەككۇرىدا قۇرۇۋالغان رىشاتكىلىرىدۇر. دۇنيانى نوقۇل ئۆزى تۇرۇۋاتقان كىچىك بىرلا نۇقتىدىن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بىر ئۇپۇقتىن كۆزىتىش كېرەك. ھەممە ئادەم مېڭىپ كەلگەن كونا يولدىنلا مېڭىش شەرت ئەمەس، ئەقىل ئىشلىتىپ يېڭى يوللارنى تېپىش كېرەك.

قۇرئان كەرىم بىزنى تەپەككۇر دائىرىمىزنى كېڭەيتىشكە ۋە يېڭىلىقلارنى كەشىپ قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **«ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆزىتىڭلار»**[1].

[1] يۇنۇس سۈرىسى، 101 - ئايەت.

## 57. باشقىلار نېمە دېسە دېسۇن، يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ

بىر زامانلاردا، بىر يېزا قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ، يېزىدىكى بارلىق قۇدۇقلار قۇرۇپ كېتىپتۇ. كىشىلەر بىر تۇلۇم سۇ ئۈچۈن نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دەرياغا بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بىر كۈنى شۇ يېزىدىكى بىر ئادەم يېزىنىڭ ئەڭ چەت، ئەڭ تاشلىق ۋە قۇرغاق بىر يېرىنى كۆرسىتىپ:

– مەن مۇشۇ يەردىن سۇ چىقىرىمەن، – دەپتۇ ۋە قولىغا گۈرجەك ئېلىپ قېزىشقا باشلاپتۇ.

يېزا ئاھالىلىرى بىر - بىرلەپ ئۇنى كۆرگىلى كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار:

– بۇ يەردە تاشتىن باشقا نېمە بولسۇن؟ سەن قۇرۇق تاشنى كولاۋاتىسەن! ئەجدادلىرىمىزمۇ بۇ يەرنى كولاپ باققان، سۇ چىقمىغان، سەن ئۆزۈڭنى بەك ئەقىللىق چاغلاۋاتامسەن؟ – دەپ ئۇنى مەسخىرە قىلىشىپتۇ.

ئارىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ. ھېلىقى ئادەم كولاشنى زېرىكمەي داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كىشىلەر ھەر كۈنى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ: «ھېلىمۇ قېزىۋاتامسەن؟» دەپ كۈلۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ كىشى كولاپ مېڭىۋەرگەچكە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىرتتىكىلەرنىڭ مەسخىرىلىك ئاۋازلىرى ئاڭلانمايدىغان، پەقەت ئۆزىنىڭ تىنىقى ۋە تاشقا تەگكەن گۈرجەكنىڭ ئاۋازىلا

ئاڭلىنىدىغان چوڭقۇر يەرگە بېرىپ يېتىپتۇ. ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ پۈتى ئاستىدىكى تاشنى بىر ئۇرغانىكەن، تۇيۇقسىز پۈتى سوغۇق بىر نەملىكنى سېزىپتۇ. ئارقىدىنلا، ئابىھاياتتەك سۈزۈك سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلاپتۇ.

ئادەم دەرھال يېزا ئەھلىنى چاقىرىپتۇ. ئۇلار ھەيرانلىق ۋە نومۇس ئىچىدە قۇدۇق بېشىغا يىغىلىپتۇ. ھەممىسى قۇدۇق سۈيىدىن ئىچكەچ: «بىز سېنى خاتا چۈشىنىپتۇق، سەن ھەقىقەتەن ئىرادىلىك، قالتىس ئادەمكەنسەن!» دەپ، ئۇنى ماختاشقا باشلاپتۇ.

## ھېكمەت

باشقىلارنىڭ «بۇ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزى، ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلارنىڭ سۆزى شامالغا ئوخشاش ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەمما سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە ئىشىنىپ، نىشانىڭىزدىن تەۋرەنمەي باسقان ئىزىڭىز مەڭگۈ قالىدۇ. بۈگۈن سىزنى مەسخىرە قىلغانلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنىڭىزدا تۇنجى بولۇپ ئالقىشلايدىغانلاردۇر.

سىزنىڭمۇ باشقىلار «بولمايدۇ» دېسىمۇ، قەتئىي ئىشىنىپ قىلىۋاتقان بىرەر «قۇدۇق قېزىش» خىزمىتىڭىز بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، باشقىلارنىڭ پاسسىپ ئىنكاسلىرى شىجائىتىڭىزنى بوشاشتۇرۇپ قويمىسۇن، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىپ، يولىڭىزنى داۋام قىلىۋېرىڭ.

## 58. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى ئىزچىللىقتۇر

دۇنياغا داڭلىق ئاپتوموبىل «فورد»نىڭ ئىجادكارى ھېنرى فورد دەسلەپتە مەلۇم بىر ئېلېكتېر ئېنىرگىيە شىركىتىدە ئىشلەيدىغان ئاددىي بىر ئىشچى ئىدى. ئۇ كۈنىگە 11 سائەت ئىشلەپ، ھەپتىدە ئاران 11 دوللار ئىش ھەققى ئالاتتى. ئۇ ھەر كۈنى 11 سائەتلىك جاپالىق ئەمگەكنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىككىنە كەپىسىگە كىرىۋېلىپ، يېڭى بىر موتور ياساش ئۈچۈن يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتى. ھېنرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ كېچە ئۇخلىماي قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرىنى «ئەھمىيەتسىز، پۇچەك ئىشلار» دەپ قارايتتى ۋە ئۇنىڭ چوڭ بىر ئىش قىلالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنمەيتتى. ھەممە كىشى ئۇنىڭغا كۈلەتتى، دوستلىرىمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى. پەقەت ئايالىلا ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىدە كاتتا بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋار ئىدى.

ھېنرى كىشىلەرنىڭ مەنسىتمەسلىكىگە، دوستلىرىنىڭ مەسخىرە قىلىشلىرىغا ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىشەنمەسلىكىگە قارىماي، ۋاپادار ئايالىنىڭ قوللىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئۈچ يىل جاپالىق ۋە ئىزچىل تىرىشىش ئارقىلىق دۇنيادىكى تۇنجى ئاپتوموبىل «فورد»نى ياساپ چىقىدۇ. ھېنرى فورد ھاياجانغا تولغان ھالدا، ھېلىقى كىچىككىنە كەپىسىدىن تۆت چاقلىق، ئۆزى ماڭىدىغان موتورلۇق ھارۋىسىنى ھەيدەپ چىققاندا، كىشىلەر كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالغان ئىدى. بۇ دەل 1893 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئىدى.

توماس ئېدىسون لامپۇچكىنى كەشىپ قىلىش جەريانىدا 40 مىڭ بەتتىن ئارتۇق تەجرىبە خاتىرىسى يازغان. ئۇ لامپۇچكىنىڭ قىلىنى ياساشنىڭ ئۆزىدىلا 5 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان.لامپۇچكا بۈگۈنكى كۈندە ھېچبىر ھەيران قالارلىق نەرسە ئەمەس. ئەمما، 1880 - يىلىدىن بۇرۇن ئېلېكتىر چىرىغى تېخى ئومۇملاشمىغان بولۇپ، ياي نۇرلۇق چىراغلار مودا ئىدى. بەزى ئالىملار ئېدىسوننى «ساراڭ» دەپ مەسخىرە قىلغان، بەزىلەر «قۇرۇق لاپ ئېتىۋاتىدۇ، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتىدۇ» دەپ مازاق قىلىشقان ئىدى. ھەتتا، بەزى ئالىملار ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشلار ئارقىلىق ئۇنىڭ بۇ تەتقىقاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقىمۇ ئۇرۇنغان ئىدى.

لېكىن، ئېدىسون غايىسىدىن قىلچە ۋاز كەچمىدى، ئەكسىچە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن كېچە - كۈندۈز زېھنىنى لامپۇچكا قىلىنى تەجرىبە قىلىشقا سەرپ قىلدى. ئۇ پەقەت ئۆسۈملۈك تولىدىنلا 6000 خىلدىن ئارتۇق ماتېرىيالنى تەجرىبە قىلدى.

1880 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ئېدىسوننىڭ لامپۇچكا قىلى سىنىقى يەنىلا ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى. ئەمما، ئۇ ھارماي - تالماي تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى لامپۇچكا قىلىنى ياساپ چىقىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

ئېدىسوننىڭ ئومۇمىي تەجرىبە خاتىرىسى 200 دىن ئارتۇق بولۇپ، جەمئىي 400 مىڭ بەتتىن ئاشىدۇ. مۇشۇنى يېزىپ بولۇشقىلا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدۇ.

ئاكا - ئۇكا رايتلارمۇ ئايروپىلاننى ئالدى بىلەن كاللىسىدا ياساپ، ئاندىن دۇنياغا كۆرسەتتى.

## ھېكمەت

بىز قانداقلا بىر ئىشنى قىلماقچى بولساق، ئالدى بىلەن ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز، پىلانلايمىز، ئاندىن شۇ پىلان بويىچە ئىشقا كىرىشىمىز. پىلانىمىزدىن ۋاز كەچمىسەكلا، ئىزچىللىقىنى يوقاتمىساقلا، چوقۇم نىشانىمىزغا يېتىمىز. ئەگەر ھېنرى فورد، ئېدىسون، ئاكا - ئۇكا رايتلار ئىزچىللىقىنى يوقاتقان، كىشىلەرنىڭ «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن سۆزلىرىگە قۇلاق سالغان بولسا، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلمىگەن، ئىنسانىيەت تارىخىنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولاتتى.

## 59. مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ۋاز كېچىش

بىر زامانلاردا، تاغ باغرىدىكى گۈزەل بىر يېزىدا ئۆز ئارزۇلىرىغا يېتىش ئۈچۈن توختىماي تىرىشىدىغان بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى – يېزىنىڭ كەينىدىكى ئەڭ ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، ئۇ يەردىكى گۈزەللىكلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىكەن. ئىلگىرى يېزىدىن ھېچكىم ئۇ تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ باقمىغان بولۇپ، يولنىڭ مۈشكۈللۈكىدىن ھەممە ئادەم يېرىم يولدىن قايتىپ كەلگەن ئىكەن.

يىگىت بىر كۈنى بارلىق تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ، تاغقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يولنىڭ بىرىنچى كۈنى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ، يىگىتمۇ تولۇپ تاشقان ئۈمىد بىلەن ئىلگىرىلەپتۇ. ئىككىنچى كۈنى يول بارغانسېرى تىكلىشىپ، ھاۋا سوۋۇپ، يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. يىگىتنىڭ پۇتلىرى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ يارىلىنىپتۇ، كىيىملىرى يىرتىلىپتۇ.

تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، قاتتىق بوران چىقىپ، يىگىتنى ئىلگىرىلىگىلى قويماپتۇ. يىگىت بىر چوڭ قورام تاشنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە:

– بۇ يول بەكلا قىيىن ئىكەن، مەن نېمىشقا ئۆزۈمنى بۇنچە قىينايمەن؟ يېزىغا قايتىپ، ئىلگىرىكىدەك راھەت ياشىسام بولمامدۇ؟ – دەپتۇ ۋە ئىرادىسىدىن يېنىپ، يېزىسىغا قايتىپتۇ.

يىگىت يېزىغا قايتىپ كەلگەن دەقىقىلەردىن باشلاپ: «مەن ئەڭ توغرا قارارنى قىلىپ، جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىم» دەپ ئۆزىگە

تەسەللى بېرىپتۇ. لېكىن، كۈنلەر، ئايلار ئۆتكەنچە، ھەر قېتىم تاغ چوققىسىغا قارىغىنىدا، قەلبىدە بىر پۇشايمان ۋە ئازاب ھېس قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى خۇددى جەڭدىن قاچقان ئەسكەردەك ھېس قىلىپ، ھېچقانداق ئىشتىن خۇشاللىق تاپالماپتۇ. چۈنكى، ئۇ قىيىنچىلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىرادىسىدىن، ئۆز ئارزۇسىدىن ۋاز كەچكەن ئىدى. ئۇ ھەقىقىي مەغلۇبىيەتنىڭ تاغدىن يىقىلىپ چۈشۈش ئەمەس، بەلكى يېرىم يولدا ۋاز كېچىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، يىگىت ئۆزىنىڭ بۇ روھىي مەغلۇبىيىتىگە چىداپ تۇرالماي، قايتىدىن تاغقا چىقىشنى قارار قىلىپتۇ. بۇ قېتىم يول يەنىلا ئاشۇنداق قىيىن، بوران يەنىلا ئاشۇنداق كۈچلۈك ئىكەن. لېكىن، يىگىت ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ قېتىم ئۆلسەممۇ ۋاز كەچمەيمەن، چۈنكى ۋاز كېچىش مېنىڭ روھىمنى ئۆلتۈرىدۇ» دەپتۇ. ئۇ تاشلارغا يامىشىپ، يىقىلىپ، قايتا تۇرۇپ، ئاخىرى تاغ چوققىسىغا چىقىپتۇ. تاغ چوققىسىغا چىقىپ، دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ۋە قۇياشنىڭ نۇرلۇق جىلۋىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ.

يىگىت شۇ چاغدا ھەقىقىي غەلىبىنىڭ تەمىنى تېتىپتۇ ۋە ئۆز - ئۆزىگە:

— مەن ئۆتكەن يىلى يولنىڭ مۈشكۈللۈكىدىن ئەمەس، بەلكى قىيىنچىلىق ئالدىدا تەسلىم بولۇپ، ۋاز كەچكىنىم ئۈچۈن مەغلۇپ بولغان ئىدىم. ھەقىقىي مەغلۇبىيەت مەنزىلگە يېتەلمەسلىك ئەمەس، بەلكى مېڭىشتىن توختاش ئىكەن، — دەپتۇ.

## ھېكمەت

ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەت — پىلاننىڭ قىيىنلىقى ياكى يولنىڭ ئوڭۇشسىزلىقى ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئۆز ئىرادىسىدىن

ۋە ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىشىدۇر. قىيىنچىلىقتا چىداپ ئىلگىرىلىگەن ئادەم يىقىلسىمۇ تەجرىبىگە ئېرىشىدۇ ۋە قايتىدىن ئورنىدىن تۇرىدۇ. لېكىن، ئىرادىسىدىن يانغان، ئارزۇسىدىن ۋاز كەچكەن ئادەم ئۆز غەلىبىسىنىڭ ئىشىكىنى ئۆز قولى بىلەن تاقىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يول قانچىلىك مۇشەققەتلىك بولسۇن، ئىرادىڭىزدىن يانماڭ، ئارزۇيىڭىزدىن قەتئىي ۋاز كەچمەڭ!

## 60. ئۆز چىرىغىڭىزنى ياندۇرۇڭ

بىر ئەما كىشى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىنىپتۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ساھىبخان مېھمانلارنى ئۇزىتىش ئەسناسىدا، ھېلىقى ئەمانىڭ كېچىدە يالغۇز يول يۈرۈپ بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا بىر قول چىرىغى ھەدىيە قىلماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئۇ كىشى:

— مەن ئەما تۇرسام، چىراغنىڭ يورۇقىنى كۆرەلمىسەم، چىراغ كۆتۈرۈۋالغىنىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ مەن تۇيغۇلىرىمغا تايىنىپ، ئۆز يولۇمنى تېپىپ ئاستا كېتەلەيمەن، رەھمەت سىزگە، — دەپ چىراغنى قوبۇل قىلماپتۇ. ساھىبخان بولسا چىڭ تۇرۇۋېلىپ:

— سىز چىراغنىڭ يورۇقىنى كۆرەلمىسىڭىزمۇ، ئۇنى تۇتۇپ ماڭسىڭىز، باشقىلار سىزنى كۆرىدۇ — دە، سىزگە سوقۇلۇپ كەتمەيدۇ، — دەپتۇ.

ئەما كىشى ساھىبخاننىڭ گېپىگە قايىل بولۇپ، چىراغنى قوبۇل قىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قاراپ كېتىۋېتىپ ئۆيىگە كەلگىلى ئاز قالغاندا، تۇيۇقسىز بىرى كېلىپ، ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەما كىشى يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

ئەما ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەي! سەنمۇ ئەمامىدىڭ؟ قولۇمدىكى چىراغنىڭ يورۇقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپ كايىپتۇ. ئۇنى سوقۇۋەتكەن ئادەم ئۆزرە ئېيتىپ:

—ئەپەندىم! كەچۈرۈڭ، قولىڭىزدىكى چىراغ ئۆچۈپ قاپتىكەن،

شۇڭا قاراڭغۇدا كۆرمەي قاپتىمەن، ــ دەپتۇ.

## ھېكمەت

دۇنيادا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ياشاش پەلسەپەسى ۋە پرىنسىپى بولىدۇ. مەيلى ھەق بولسۇن ياكى باتىل بولسۇن، ھاياتلىقتىكى پرىنسىپى شۇ ئادەمنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنى رەتكە سالىدىغان ئاساستۇر. ئۆز پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغان، ئۆزىگە تايىنىدىغان ئادەم ئىنسانلارنىڭ سۆيگۈسى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ.

بۇ قىسسىدىكى ئەما ئادەم باشقىلار بەرگەن چىراغقا ھەددىدىن زىيادە ئىشەنچ قىلىپ كېتىپ، يىللاردىن بېرى ئۆزىگە يول كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان سەزگۈ ۋە ئەقىل چېرىغىنى ئىشلىتىشنى ئۇنتۇغان. «قول چىراغىنى كۆتۈرۈپ ماڭسىملا باشقىلار ئۇنىڭ يورۇقىدا مېنى كۆرىدۇ ــ دە، ماڭا سوقۇلۇپ كەتمەيدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈن بېشىغا بۇ كېلىشمەسلىك كەلگەن.

شۇڭا، باشقىلارنىڭ يورۇقىغا ۋە تاشقى ياردەملەرگە تايىنىۋالماي، ئۆز ئەقلىڭىزنى ئىشلىتىڭ، ئۆز كۈچىڭىزگە تايىنىڭ، ئۆز «چېرىغىڭىز»نى ياندۇرۇڭ. چۈنكى، باشقىلارنىڭ چېرىغى ھەر ۋاقىت ئۆچۈپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۆزىڭىز ياندۇرغان چىراغ مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

## 61. كىچىك ئىشلاردىن خۇشاللىق تېپىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

مەلۇم بىر مەھەللىدىكى گۈل دۇكىنىنىڭ خوجايىنى خېرىدارلار زاكاس بەرگەن گۈللەرنى ئىگىلىرىگە ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىكەن. بىر كۈنى خىزمەتچىلەردىن بىرى خوجايىندىن:

ــ سىز شۇنچە چوڭ گۈل دۇكىنىنىڭ خوجايىنى تۇرسىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە كۆپ خىزمەتچىلىرىڭىز تۇرسا، زاكاسلارنى ئۆزىڭىز يەتكۈزۈپ بېرىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ــ دەپ سوراپتۇ، خوجايىن تەبەسسۇم بىلەن مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما مەن خېرىدارلارنىڭ گۈلنى قولۇمدىن ئالغان چاغدىكى خۇشاللىقىنى كۆرۈپ، ھوزۇر ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىمەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقنى كۆرگەندە، قەلبىم خۇشاللىققا تولىدۇ. بۇ مەن ئۈچۈن دۇنيانىڭ بايلىقلىرىدىن قىممەتلىك.

### ھېكمەت

ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرغىنىمىزدا، «ئاللاھقا شۈكرى» دەپ چىن قەلبىمىزدىن ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتساق، مۇشۇ كۈنىمىزنىڭ خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتۈشىنى تىلىسەك، ئالدىمىزغا چىقىدىغان ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى ھاياتلىقنىڭ تەقەززاسى دەپ بىلىپ رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلىشنى كۆڭلىمىزگە پۈكسەك، شۇ كۈنىمىزنىڭ ھوزۇر ئىچىدە ئۆتۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولىمىز.

بەخت ۋە خۇشاللىق ھەر زامان ئەتراپىمىزدا كېزىپ يۈرىدۇ، ئەمما بىز كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا دىققەت - ئېتىبارىمىزنى بەرمەيمىز. بەخت ھەممىمىزنىڭ ئىشىكىنى قاقىدۇ، لېكىن بىزنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىمىزنى كۆرۈپلا بىزدىن يىراقلاپ كېتىدۇ. ئابراھام لىنكولىن مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىنسان بەخت ئۈچۈن قەلبىنى قانچىلىك تەييارلىسا، شۇنچىلىك بەخت ھېس قىلىدۇ. ئەگەر سىز بۈگۈننى ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ بەختلىك، ئەڭ گۈزەل كۈن دەپ بىلمىسىڭىز، بەلكىم ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ گۈزەل كۈندىنمۇ قۇرۇق قېلىشىڭىز مۇمكىن.»

## 62. ئالدىنى ئېلىش پۇشايماندىن ساقلاپ قالىدۇ

بىر ئادەم ئېتىغا مىنىپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئېتىنىڭ ئاقساۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاتنى توختىتىپ تۇياقلىرىغا قاراپتۇ. كۆرۈپتۇكى، ئاتنىڭ بىر تۇيىقىدىكى تاقىنىڭ بىر تال مىخى چۈشۈپ قالغان ئىكەن. ئۇ كۆڭلىدە «بىر تال مىخ چۈشۈپ قالغانغا نېمە بولاتتى» دەپ ئويلاپ، ئېتىغا قايتا مىنىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ھېلىقى مىخى چۈشۈپ قالغان تاقا چۈشۈپ قاپتۇ. ئادەم يەنىلا كۆڭلىدە: «ئېتىم ئۈچ تاقىسى بىلەنمۇ ماڭالايدۇغۇ» دەپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. ئادەم تاشلىق، ئەگرى - بۈگرى يوللاردا كېتىۋاتقاندا، ئاتنىڭ تاقىسىز پۇتى قاناپ كېتىپ، يولنى داۋاملاشتۇرالماپتۇ. ئادەم نە ئارقىغا، نە ئالدىغا ماڭالماي، ئىلاجسىز توختاشقا مەجبۇر بوپتۇ.

شۇ ئەسنادا، نەدىندۇر قاراقچىلار پەيدا بولۇپ، ئادەمنىڭ ئېتىنى ۋە يېنىدىكى بارلىق پۇل - پۇچەكلىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ. ئادەم ھەسرەت – نادامەت ئىچىدە، قۇرۇق قول ئۆيىگە قايتىپتۇ.

### ھېكمەت

بۇ قىسسىدىن مۇسىبەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكنىڭ، ئالدىن تەدبىر ئالماسلىقنىڭ ۋە ئىشلارغا يۈزەكى مۇئامىلە قىلىشنىڭ قانداق ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرۇپتۇ. قىسسىدىكى ئادەم

ئېتىنىڭ تاقىسىدىن بىر تال مىخنىڭ چۈشۈپ قېلىشىنى كىچىك ئىش سانىغان، ئورنىغا بىر تال مىخ قېقىۋېتىشكە كۆڭۈل بۆلمىگەن. گەرچە ئۇ ئۆتكۈزگەن خاتالىق كىچىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئاقىۋەتتە، ئېتىدىن ۋە يېنىدىكى بارلىق پۇل - پۇچەكلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى.

ھېچبىر خاتالىقنى قەتئىي كىچىك سانىماسلىق لازىم. چۈنكى، سەل قارىغان كىچىك بىر خاتالىق ئۆمۈر بويى پۇشايمانغا قالدىغان چوڭ پالاكەتلەرگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھېچبىر گۇناھنى كىچىك سانىماڭلار، چۈنكى كىچىك گۇناھلار بىر ئادەمدە توپلىنىپ، ئۇنى ھالاك قىلىۋېتەلەيدۇ»[1].

[1] مۇسنەد ئەھمەد، 3818 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 63. غەپلەت ئادەمنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ چاغلىرىدۇر

بىر بېلىقچى ھەر كۈنى سەھەردە دېڭىز بويىغا چىقىپ، كۈنلۈك ئىشىنى قۇياشنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ باشلايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئادەتتىكىدىن بىرئاز ئەتىگەنرەك چىقىپ قاپتۇ، ئەتراپ تېخى قاپقاراڭغۇ ئىكەن. بېلىقچى دېڭىز بويىدا كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قاپتۇ. يەرگە ئېگىلىپ پۇتلاشقان نەرسىنى ئالسا، بىر خالتا «شېغىل» ئىكەن.

بېلىقچى قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش جەريانىدا، خالتىدىكى «شېغىل»لارنى بىر تالدىن دېڭىزغا ئېتىپ ئويناپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ ھەربىر تاشنى دېڭىزغا ئاتقىنىدا، ئۇنىڭدىن چىققان «چۇلۇق، چۇلۇق» ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئاستا - ئاستا قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپ يورۇشقا باشلاپتۇ. بېلىقچى ئاخىرقى بىر تال «تاش»نى ئاتماقچى بولۇپ قارىسا، «تاش» قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ يالتىراپ تۇرارمىش. ئىنچىكىلەپ قارىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئادەتتىكى تاش ئەمەس، بەلكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالماس ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

شۇندىلا، بېلىقچى سەھەردىن بېرى قاراڭغۇلۇقتا دېڭىزغا ئېتىۋاتقىنىنىڭ تاش ئەمەس، بەلكى ئالماس ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۈيۈك بىر غەپلەتتە قالغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ كەتكەنگە قايغۇرۇپ، ھەسرەت چېكىپ يۈرۈشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى، قولىدا قالغان شۇ بىر تال ئالماستىن پايدىلىنىشنىڭ ئاقىلانىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شۇ ئالماس

بىلەن ئائىلىسىنى بەختلىك قىلىش قارارىغا كەپتۇ.

### ھېكمەت

بىز ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىمىزنى قايتۇرۇپ ئەكىلەلمەيمىز. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلىپ ھەسرەت چېكىپ يۈرسەك، ئۆزىمىزگە چوڭ زىيان سالىمىز. شۇڭا، قېپقالغان ئۆمرىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە، كەلگەن پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇشقا تىرىشساقلا شۇ بىزگە يېتەرلىك.

نۇرغۇن كىشىلەر بىر ئۆمۈر غەپلەتتە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنياغا كېلىپ - كەتكىنىدىن تىلغا ئالغۇدەك، پەخىرلەنگۈدەك ۋە ئەسلىگۈدەك بىرەر ئىزى ياكى نىشانىسى قالمايدۇ، گوياكى دۇنياغا كەلمىگەندەكلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. غەپلەت ئىنتايىن يامان ئىللەت بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دە غەپلەتتە قالغانلارنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئايەتلەر كەلگەن.

## 64. ئەپۇ قىلىش كۈچلۈكلەرنىڭ خىسلىتىدۇر

ئىسلام تارىخىدىكى ئەپۇچانلىقنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئۈلگىسى ــ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنىدىكى ئەپۇسىدۇر. پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەر مەككىدە ياشىغان 13 يىل جەريانىدا، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى ئېغىر زۇلمىغا، ھەر تۈرلۈك بېسىملىرىغا ۋە جىسمانىي قىيىن - قىستاقلىرىغا ئۇچرىدى. سۇمەييە، ئەممار قاتارلىق ساھابىلەر قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. ساھابىلەر ئاخىرى ئۆي - ماكانلىرىنى، مال -مۈلكىنى تاشلاپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ھەتتا، ھىجرەتتىن كېيىنمۇ مەككە مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارنى ئارامىدا قويمىدى، بىر قانچە قېتىملىق قانلىق ئۇرۇشلارنى قوزغىدى.

ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ، ھىجرىيەنىڭ 8 - يىلى مۇسۇلمانلار 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مەككىگە غالىبلارچە كىرىپ كەلدى. مۇسۇلمانلار مەككىنى ئېلىشتا قان تۆكمىدى، ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزمىدى.

مەككە پۈتۈنلەي پەتھى قىلىنىپ، مەككىلىكلەر تولۇق بويسۇندۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ تەقدىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىككى كالپۇكى ئارىسىدىن چىقىدىغان بىر ئېغىز سۆزگە باغلىق بولۇپ قالغان ئىدى. بۇرۇن پەيغەمبىرىمىزگە ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان، ئۇلارنى ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇلدا قىيىنغان، ئاخىرى مەككىنى تاشلاپ چىقىپ

كېتىشكە مەجبۇرلىغان مەككىلىكلەرنىڭ ھەممىسى «مۇھەممەد بىزدىن قانداق ئىنتىقام ئالار؟» دېگەن قورقۇنچ ئىچىدە تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەئبىنىڭ ئالدىغا يىغىلغان مەككە ئاھالىسى بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىنى قانداق ئېغىر جازالارغا تارتىدىغانلىقى ۋە قانداق ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى كۈتۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك مېھىر – شەپقەتلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق ئۇلۇغ زاتنىڭ ئەپۇسىغا تەلمۈرۈپ، قورقۇنچ ۋە ئۈمىد ئىچىدە تۇرۇشاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خىتاب قىلىپ: «ئى قۇرەيش جامائەسى! مېنى سىلەرنى قانداق قىلىدۇ، دەپ ئويلايسىلەر؟» دېدى. ئۇلار ھەممىسى بىر ئېغىزدىن چىققاندەكلا: «ياخشىلىقنى كۈتىمىز. قېرىندىشىمىز ۋە قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلى كەرەملىكتۇر» دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەنمۇ سىلەرگە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئېيتقان: **‹بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن! ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر›**[1] دېگەن سۆزىنى ئېيتىمەن. تارقىلىڭلار، ئازادسىلەر! » دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە ۋە ساھابىلىرىگە شۇنچە يىل چىدىغۇسىز زۇلۇملارنى سالغان دۈشمەنلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ، مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر توپ – توپ بولۇپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ۋەقەلىكنى «نەسر» سۈرىسىدە مۇنداق ئىپادىلىگەن: **«ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ _ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن**

[1] يۇسۇف سۈرىسى، 92 - ئايەت.

**تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر»**[1].

## ھېكمەت

ئەپۇ قىلىش ـ كۈچلۈكلۈكنىڭ نامايەندىسىدۇر. ھەقىقىي كۈچ ـ قۇدرەت ـ ئىنتىقام ئېلىش ئەمەس، بەلكى كۈچى يېتىپ تۇرۇپ، ئەپۇ قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا ئاچچىقنى يۇتۇشقا، ئەپۇ قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: **«رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان كەڭلىكى ئاسمان – زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. ئۇ تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىدىغان، ئاچچىقىنى يۇتىدىغان، كىشىلەرنى كەچۈرەلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»**[2].

---

[1] نەسر سۈرىسى، 1 ـ 3 ئايەتلەر.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 133 - ئايەت

## 65. ئۆزرىخاھلىق ئېيتىش پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ئادىتىدۇر

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزئارا جېدەللىشىپ قالىدۇ. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاچچىقىنى باسالماي، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى :

ــ ھەي، قارا خوتۇننىڭ بالىسى، ــ دەپ تىللاپ سالىدۇ. بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇ زاتنىڭ غەزەپتىن چىرايى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ۋە ئەبۇ زەرنى:

ــ سەن جاھىلىيەت ئىللەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىغان ئادەم ئىكەنسەن، ــ دەپ ئەيىبلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ، قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. ئۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بۇ خاتالىقىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىش ئۈچۈن بارىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇبارەك يۈزىنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاپىنى ئاستىغا قويماقچى بولىدۇ. لېكىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن ئاللاھقا سەجدە قىلغان بىر يۈزگە دەسسىمەيمەن. ئى قېرىندىشىم، ئورنۇڭدىن تۇر! سېنى ئەپۇ قىلدىم، ــ دەيدۇ.

### ھېكمەت

بىلىپ - بىلمەي سادىر قىلغان خاتالىق ئۈچۈن ئۆزرىخاھلىق

ئېيتىش، رەنجىتىپ قويغان كىشىلەردىن كەچۈرۈم سوراش – يۈكسەك پەزىلەتتۇر. ئۆزرىخاھلىق ئېيتىش بىلەن كىشىنىڭ مەرتىۋىسى ياكى قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەمتەرلىك بىلەن ئۆز خاتالىقىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشى ئۇ زاتنىڭ مەرتىۋىسىنى چۈشۈرمىدى، بەلكى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ گۈزەل خىسلىتى ۋە كەمتەرلىكى بىلەن تا قىيامەتكىچە كىشىلەرگە ئۈلگە بولۇپ، تىللاردا داستان بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، خاتالىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىشتىن ۋە كەچۈرۈم سوراشتىن تارتىنماڭ. تەكەببۇرلۇق قىلىپ خاتالىقتا چىڭ تۇرۇش، خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، كەچۈرۈم سوراشتىن نومۇس قىلىش قەلبنى تېخىمۇ قاتۇرىدۇ. ئەمما، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىش قەلبنى پاكلايدۇ، مەرتىۋىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، قارشى تەرەپنىڭ قەلبىدىن ئاداۋەتنى يوقىتىدۇ.

# 66. ئاللاھقا ۋەسىلە قىلغۇدەك ئەمەلىڭىز بارمۇ؟

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئۈچ كىشى يول يۈرۈۋاتقاندا، تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كېتىپ، بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. ئۇلار غار ئىچىدە پاناھلىنىۋاتقاندا، تاغدىن چوڭ بىر قورام تاش دومىلاپ چۈشۈپ، غارنىڭ ئېغىزىنى توسۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىر - بىرىگە: ‹ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان سالىھ ئەمەللىرىڭلار بارمۇ؟ ئەسلەپ بېقىڭلار. بەلكىم، شۇ ئەمەللەرنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلساق، ئاللاھ بىزنى بۇ غاردىن قۇتقۇزۇپ قالار› دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: ‹ئى ئاللاھ! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانام، ئايالىم ۋە كىچىك بالىلىرىم بار ئىدى. مەن قوي بېقىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتىم. ھەر كۈنى قوي بېقىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قويلارنى سېغىپ، ئەڭ ئاۋۋال ئاتا - ئانامغا ئىچكۈزەتتىم. بىر كۈنى ماللىرىمنى ئوتلىتىش ئۈچۈن دەل - دەرەخ ئىزدەپ يىراقلارغا كېتىپ قېلىپ، ئۆيگە كەچرەك قايتىپ قالدىم. ئۆيگە كىرىپ، ئاتا - ئانامنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن، ھەر كۈندىكىدەك قويلارنى ساغدىم. ئۇلارنى ئويغىتىشقا كۆزۈم قىيماي، ئۇلاردىن بۇرۇن بالىچاقلىرىمغا سۈت ئىچۈرۈشكىمۇ كۆڭلۈم ئۇنىماي، تاڭ ئاتقانغا قەدەر قولۇمدا قاچىنى تۇتۇپ، ئاتا ـ ئانامنىڭ بېشىدا ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. ئى ئاللاھ! سەن بىلىسەن، مەن بۇ ئەمەلنى پەقەت سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈنلا قىلغان ئىدىم. (شۇ ئەمەلىم يۈزىسىدىن) بىزگە كۈن نۇرىنى كۆرگۈدەك بىر يوچۇق

ئېچىپ بەرسەڭ›. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھ ئۇلارغا كۆن نۇرىنى كۆرگۈدەك بىر يوچۇق ئېچىپ بېرىدۇ.

ئۇلارنىڭ يەنە بىرى مۇنداق دەيدۇ: ‹تاغامنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم. ھېچبىر ئەر بىرەر ئايالنى مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭدىن يامان ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلدىم. ئەمما، قىز قەتئىي ئۇنىمىدى. كېيىنچە، ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭغا بىر يۈز يىگىرمە دىنار بېرىش بەدىلىگە تەلىپىمنى راۋا قىلىشنى سورىدىم. ئۇ ماقۇل كەلدى، مەن مىڭبىر جاپادا پۇلنى تەييارلاپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئەمما ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھتىن قورققىن! ئامانەتنى ئۆز يولى بىلەن ئالمىساڭ، ھالال بولمايدۇ، ــ دېۋىدى، دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن يىراقلاشتىم، دىنارلارنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم. ئى ئاللاھ! سەن بىلىسەن، بۇ ئىشلارنى سېنىڭ رازىلىقىڭنى كۆزلەپ قىلدىم. (شۇ ئەمەلىم يۈزىسىدىن) بىزنى بۇ خاپىلىقتىن قۇتقۇزغىن›. شۇنىڭ بىلەن، غارنىڭ ئېغىزىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئېچىلدى (لېكىن ئۇلار يەنىلا چىقىپ كېتەلمەيتتى).

ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى مۇنداق دېدى: ‹مەن كۆپ ئادەملەرنى ياللاپ ئىشلەتكەن ئىدىم، ھەممىسىنىڭ ئىش ھەققىنى بەردىم. بىرلا كىشى ئىش ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە مال ئېلىپ، ماللىرىمغا قوشۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ مېلى كۈندىن كۈنگە كۆپەيدى. بىر كۈنى ھېلىقى ئادەم كېلىپ، مەندىن ئىش ھەققىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: ئاشۇ كالا، تۆگە ۋە قويلار ھەممىسى سېنىڭ، ــ دېۋىدىم. ئۇ كىشى: سەن مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟ مەن سەندىن ئىش ھەققىمنى سوراۋاتىمەن، ــ دېدى. مەن ئۇنىڭغا: سېنى مەسخىرە قىلمىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ، ــ دېدىم. ئادەم

بىرىنىمۇ قويماي ھەممىنى ئېلىپ كەتتى. ئى ئاللاھ! سەن بىلىسەن، مەن ئاشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلدىم. بىزنى بۇ خاپىلىقتىن قۇتقۇزغىن›. شۇنىڭ بىلەن، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى پۈتۈنلەي ئېچىلىپ، ئۇلار سالامەت چىقىۋالدى»[1].

## ھېكمەت

ۋەسىلە ـ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياكى بىرەر مەقسەتكە يېتىشكە تۈرتكە بولىدىغان ۋاستە دېگەنلىك بولۇپ، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ۋە ھاجەتنىڭ راۋا قىلىنىشى ئۈچۈن سالىھ ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىش ئىسلامدا يول قويۇلغان گۈزەل ۋەسىلىدۇر.

بىز قايسى ئەمەلىمىزنىڭ ئاخىرەتتە دوزاختىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىشىمىزگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەندەك، قايسى ئەمەلىمىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن ئېغىر خاپىلىقلاردىن قۇتۇلۇشىمىزغا ۋەسىلە بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز.

شۇڭا، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشتىن قەتئىي توختاپ قالماسلىقىمىز، بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە ۋەسىلە قىلىشقا يارىغۇدەك ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان، پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىنغان سالىھ ئەمەللىرىمىز بولۇشى لازىم.

[1] سەھىھۇل بۇخارىي، -3465، -5974 نومۇرلۇق؛ سەھىھ مۇسلىم، ٢٧٤٣ - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 67. ئاۋۋال كاللىڭىزنى ئازاد قىلىڭ!

بىر كۈنى مەلۇم بىر مەكتەپتە، مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا دەرس سۆزلەۋاتقاندا، تۇساتتىن بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئۇستاز! ئىنگلىز تىلى بەك قىيىن ئىكەن، ـ دەيدۇ. بۇ ئوقۇغۇچى سۆزىنى تۈگىتىپ بولغۇچە باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ گەپ قىستۇرۇپ:

ـ ھەئە، راستتىنلا قىيىن ئىكەن، ـ دېيىشىدۇ. سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەكلا، ئىنگلىز تىلى دەرسىنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەشكە باشلايدۇ.

مۇئەللىم بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ:

ـ ئۇنداقتا، بۈگۈن بىز دەرس ئوقۇماي، ئويۇن ئوينايلى، ـ دەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار بۇ گەپتىن ناھايىتى خۇشال بولۇشىدۇ. ئاندىن مۇئەللىم دوسكىغا ئاغزى كىچىك بىر شىشە قۇتىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، ئارقىدىن ئۇنىڭ ئىچىگە بىر توخۇنىڭ رەسىمىنى سىزىدۇ. ئاندىن ئوقۇغۇچىلاردىن:

ـ ئاراڭلاردىن كىم بۇ شىشە قۇتىنىڭ ئىچىدىكى توخۇنى شىشىنى سۇندۇرماستىن، توخۇنىمۇ ئۆلتۈرمەستىن چىقىرالايدۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھەر خىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، مۇئەللىمنى قايىل قىلىدىغان بىرەر چارە تاپالمايدۇ. ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

– ئۇستاز! بۇ توخۇنى شىشىنى سۇندۇرماي ياكى توخۇنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ ئەسلا چىقارغىلى بولمايدۇ، – دەيدۇ. مۇئەللىم:

– ياق، شىشىنى سۇندۇرماستىن، توخۇنىمۇ ئۆلتۈرمەستىن چىقىرىش شەرت، – دەيدۇ. ئاندىن ھېلىقى ئوقۇغۇچى جىددىيلىك بىلەن:

– ئۇستاز! ئۇنداقتا، بۇ توخۇنى شىشىنىڭ ئىچىگە كىم كىرگۈزگەن بولسا، ئۆزى چىقارسۇن، – دەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى تۈگىمەستىنلا مۇئەللىم سۆز باشلاپ:

– توغرا، بۇ ئىنتايىن جايىدا جاۋاب بولدى. شىشىگە توخۇنى كىم سالغان بولسا، شۇ كىشى ئۆزى چىقىرىشى لازىم. خۇددى شۇنىڭدەك، سىلەر مېڭەڭلەرگە سىڭدۈرۇلغان «ئىنگلىز تىلى دەرسلىكى قىيىن» دېگەن چۈشەنچىنى پەقەت ئۆزۈڭلارلا چىقىرالايسىلەر. چۈنكى، سىلەر زېھنىڭلاردىكى «ئىنگلىز تىلى دەرسى قىيىن» دەيدىغان چۈشەنچىنى چىقىرىۋەتمىسەڭلار، مەن دەرسنى ھەرقانچە ياخشى ئۆتكەن، ياخشى چۈشەندۈرگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا سىلەرگە بىلدۈرەلمەيمەن، – دەيدۇ.

### ھېكمەت

يۇقىرىقى ھېكايىدە ئوقۇغۇچىلار «ئىنگلىز تىلى دەرسى قىيىن» دېگەن بىر «توخۇ»نى شىشىنىڭ يەنى مېڭىسىنىڭ ئىچىگە «سولاپ» قويىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، نۇرغۇنلىرىمىز ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ھاياتىمىزدا قانچىلىغان «توخۇ»لارنى «شىشە»لەرگە سولاپ قويغان بولۇشىمىز مۇمكىن. سەلبىي قائائەت، خاتا چۈشەنچە، پاسسىپ روھىي ھالەت سەۋەبلىك ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئىمكانىيىتىمىز ۋە قابىلىيىتىمىز يېتىدىغان نۇرغۇن گۈزەل ئىشلارنى روياپقا چىقىرىشتىن ۋاز كېچىپ كەلگەنلىكىمىز ئېنىق.

ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرمىغان، ئۆزىنىڭ قاتمال پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن ئادەم نەگىلا بارسۇن زېھنىيەت مەھبۇسىدۇر. شۇڭا، ئۆزىڭىزنى يېڭىلاشنى ۋە ئۆزگەرتىشنى خالىسىڭىز، ئوقۇڭ، ئۆگىنىڭ ۋە ئىزدىنىڭ. ئۆگەنمىسىڭىز، تىرىشمىسىڭىز، سىزنىڭ تۇرمىگە قامالغان مەھبۇستىن ھېچقانداق پەرقىڭىز قالمايدۇ.

# 68. باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى يىقىتىشنىڭ ھاجىتى يوق

بىر كۈنى مەلۇم بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دوسكىغا بىر ئۇزۇن سىزىق سىزىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن: «كىم بۇ سىزىقنى تەگمەي تۇرۇپ، قىسقارتالايدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىپتۇ. بەزىسى سىزىقنىڭ بىر تەرىپىگە كىتاب ياكى دەپتەر قويۇپ سىزىقنى توسۇش پىكرىنى بەرسە، بەزىسى سىزىقنىڭ ئىككى تەرىپىنى كۆزگە چېلىقمايدىغان شەكىلدە ئۆچۈرۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئەمما، ئوقۇتقۇچى ھېچقايسىسىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلماپتۇ. ئاندىن ئوقۇتقۇچى ئۆزى ھېلىقى سىزىقنىڭ يېنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بىر سىزىق سىزىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى سىزىق ئۆزلۈكىدىن «قىسقىراپتۇ».

## ھېكمەت

باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى پۇتلاشنىڭ، يىقىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. سىز ئۆزلۈكسىز ئۆزىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرسىڭىزلا باشقىلاردىن تەبىئىيلا ئېشىپ كېتەلەيسىز. ھەقىقىي غەلىبە — تۈنۈگۈنكى ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشتۇر. مۇۋەپپەقىيەت باشقىلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تېخىمۇ تىرىشىش بىلەن قولغا كېلىدۇ. باشقىلارنىڭ قەدىمىنى ئاستىلىتىشقا كۈچىگەندىن كۆرە، ئۆز سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە كۈچىگەن ياخشى.

## 69. ئاللاھ تائالا كۆرمەيدىغان جاي يوق

مەلۇم مەكتەپتىكى بىر مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن ئەھمەد ئىسىملىك ئوقۇغۇچىنى باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمنىڭ بۇنداق قىلىشىنى ئادالەتسىزلىك دەپ قارايدىكەن. بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ:

ــ ئۇستاز! ھەممىمىز سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىز تۇرساق، نېمىشقا ئەھمەدنى بىزدىن بەكرەك ياخشى كۆرىسىز. بۇ ئادالەتسىزلىكقۇ؟
ــ دەپتۇ.

مۇئەللىم كۈلۈپ قويۇپ، بىرئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ:

ــ ئەتە ھەربىرىڭلار بىردىن توخۇنى بوغۇزلاپ ئېلىپ كېلىڭلار. ئەمما، توخۇنى ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەردە بوغۇزلىشىڭلار شەرت،
ــ دەپتۇ.

ئەتىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىردىن توخۇنى بوغۇزلاپ، مەكتەپكە ئېلىپ كەپتۇ. پەقەت ئەھمەدلا توخۇ ئالماي كەپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مۇئەللىم ئەھمەدتىن:

ــ ھەي ئەھمەد! سەن نېمىشقا مەن تاپشۇرغان ئىشنى قىلمىدىڭ! ــ دەپ سوراپتۇ. ئەھمەد تەمكىنلىك بىلەن پەس ئاۋازدا:

ــ ئۇستاز! مەن توخۇنى سىز دېگەندەك ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەردە بوغۇزلاي دەپ شۇنچە ئىزدىسەممۇ، ئاللاھ كۆرمەيدىغان بىرەر

جاينى پەقەتلا تاپالمىدىم. شۇڭا توخۇنى بوغۇزلىيالمىدىم، ــ دەپتۇ.

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ:

ــ كۆردۇڭلارمۇ؟ مېنىڭ ئەھمەدنى نېمە ئۈچۈن ھەممىڭلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلگەنسىلەر؟ ــ دەپتۇ.

## ھېكمەت

ئاللاھ تائالادىن ھېچ نەرسىنى ۋە ھېچقانداق ئىشنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا قاراڭغۇ كېچىدە، قارا تاش ئۈستىدىكى قارا چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىنىمۇ ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئىنسان ھەرقانچە مەخپىي، ئادەملەر كۆرمەيدىغان يەرگە يوشۇرۇنسۇن، ئاللاھ ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ كۆزىدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **«قەيەردە بولساڭلار، ئۇ (ئاللاھ) سىلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»**[1].

شۇڭا، ئىنسان خىلۋەت، ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەرلەردە گۇناھ قىلىشتىنمۇ ساقلىنىشى لازىم. چۈنكى، ئۇنى ئىنسانلار كۆرمىگەن بىلەن ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ.

[1] ھەدىد سۈرىسى، 4 - ئايەت.

## 70. يامان سۆز يۈرەككە سانجىلغان خەنجەردۇر

يوقسۇل بىر ئادەم كىچىك قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ بازارغا چىقىپتۇ. ئۇ كۆكتات دۇكىنىغا كېلىپ، كۆكتاتچىدىن يېرىم كىلو تەرخەمەك تارتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ. تەرخەمەك تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، قانچە پۇل بولغانلىقىنى سوراپتۇ. كۆكتاتچى پۇلىنى ئېيتقاندىن كېيىن، يېنىدىكى پۇلىنىڭ كەملەيدىغانلىقىنى بىلىپ، كۆكتاتچىدىن ئەرزانراق بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

كۆكتاتچى قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇ كىشىنى تىللاپتۇ ۋە تارتىپ بولغان تەرخەمەكنى يەرگە تۆكۈۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇ كىشىنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرۇپ: «سەندەك قەلەندەرگە بەرگۈچە يەرگە تۆكۈۋېتىمەن، يوقال ۋاقتىمنى ئالماي» دەپ قوغلاپتۇ. ئادەم كىچىك قىزىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىغان بۇ ئاھانەتكە چىدىماي قاتتىق بىر ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئارقىدىنلا، ئېغىزىدىن قان كېلىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ.

ئەتراپتىكىلەر جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، ۋاپات بوپتۇ. بۇ پاجىئەنى كۆرگەن كىشىلەر كۆكتاتچىغا ئاچچىقلىنىپ: «ئۇ ئادەمنى سەن ئۆلتۈردۈڭ» دەپتۇ.

### ھېكمەت

كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىش مۇسۇلمانغا ياراشمايدىغان ئەدەپسىزلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمان ــ باشقا مۇسۇلمانلارغا ئۇنىڭ تىلى ياكى قولىدىن

ئەزىيەت يەتمىگەن كىشىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ زات يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تىلى بۇزۇق ئادەمنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ»[2].

---

[1] سەھىھۇل بۇخارى، 10 - نومۇرلۇق؛ سەھىھ مۇسلىم، ٤٠ - نومۇرلۇق.

[2] سۇنەن تىرمىزىي، 536 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 71. سەممىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كاپالىتىدۇر

قەدىمكى زاماندا، ئەقىل - پاراسەتلىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ مەملىكىتىدىكى باللار ئىچىدىن ئەڭ سەممىي بىرىنى تاللاپ، تەخت ۋارىسى قىلىپ بېكىتىشنى قارار قىپتۇ.

پادىشاھ باللارنى تاللاشتا ئىنتايىن ئۆزگىچە بىر ئۇسۇل قوللىنىپتۇ. ئۇ ھەربىر بالىغا بىرئازدىن گۈل ئۇرۇقى تارقىتىپ بېرىپ، كىم گۈلنى ئەڭ چىرايلىق ئېچىلدۇرسا، شۇنى تەخت ۋارىسى قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

باللار ئۇرۇقنى ئالغاندىن كېيىن، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشقا باشلاپتۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، تۇپىسىنى يۇمشىتىش بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ تەلەيگە ئېرىشىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىپتۇ.

بۇ مۇسابىقىگە نامرات بىر ئائىلىنىڭ بالىسىمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئۇمۇ باشقا باللارغا ئوخشاش ئۇرۇقنى ئېكىپ بوپتۇ. گەرچە ئۇ قولىدىن كېلىدىغان بارچە ئاماللارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، تەشتەككە تېرىغان گۈل ئۇرۇقى ئەسلا ئۈنمەپتۇ.

مۇسابىقە كۈنى يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، نامرات بالىنىڭ تەشتىكىدىكى گۈل ئۇرۇقى يەنىلا بىخلىماپتۇ. شۇنداقتىمۇ، بالا يەنىلا مۇسابىقە مەيدانىغا بېرىپتۇ. باي ئائىلىلەرنىڭ باللىرى چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشىپ، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەرنى كۆتۈرۈشۈپ، مۇسابىقە مەيدانىدا پەيدا بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى شاھنىڭ نەزىرىنىڭ ئۆزىگە چۈشۈشىنى ئارزۇ قىلىپ، كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئاخىرى ھاياجانلىق دەقىقىلەر يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ، گۈللەرنى كۆزدىن كەچۈرگەچ ئاستا ئىلگىرىلەپتۇ. ئۇ رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈللەرنى كۆرۈپ، ئازراقمۇ خۇشال بولماپتۇ. قۇرۇق تەشتەكنى كۆتۈرۈۋالغان بالىنى كۆرگەندىلا، ئاندىن پادىشاھنىڭ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بوپتۇ.

نامرات بالا بۇ مۇسابىقىدىكى تەلەي ئىگىسى بولۇپ تاللىنىپ، تەخت ۋارىسى بوپتۇ. ئەسلىدە، پادىشاھ تارقاتقان ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسى قورۇۋېتىلگەن ئۇرۇق بولۇپ، بىخلىنىپ، گۈل ئېچىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

### ھېكمەت

سەمىمىيەت ـ ئېسىل خىسلەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ھەر ئىشتا سەمىمىي بولۇشى كېرەك. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە:

ـ دىن سەمىمىيەتتۇر، ـ دېۋىدى، ساھابىلەر:

ـ كىمگە يارەسۇلۇللاھ؟ ـ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ كىتابىغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىغا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي بولۇشتۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

سەمىمىيەتنىڭ كۈچى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئاجايىپ كارامەتلەرنى يارىتالايدۇ. تۇرمۇشتا كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، ئىش بېجىرىشتە، تىجارەتتە ۋە ھەر ئىشتا سەمىمىي بولۇش كېرەك. شۇندىلا، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

---

[1] سەھىھ مۇسلىم، 55 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 72. دۇئا ئېلىشمۇ دۇئا قىلىشقا ئوخشاشلا مۇھىم

تۈركىيەنىڭ قەيسەريى شەھىرىنىڭ بىر يېزىسىدا بىر ئادەم ۋاپات بوپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ ھايات ۋاقتىدا يامان نامى چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، جىنازا نامىزىغا ھېچكىم كەلمەپتۇ. چارىسىز قالغان ئايالى ئېرىنىڭ جەسىتىنى ھارۋىغا سېلىپ، تاغقا ئېلىپ چىقىپ ئۆزى دەپنە قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.

ئايال تاغ يولىدا بىر چارۋىچىنى ئۇچرىتىپتۇ. چارۋىچى ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇق ئادىتى بويىچە ئايالنى سۈت سېغىپ مېھمان قىپتۇ. ئايال سۈتنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن سۆز باشلاپ ھەسرەت بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ھارۋىدىكى كىشى مېنىڭ ئېرىم ئىدى. ئۇ ۋاپات بولدى. ئۆزى خۇيى يامان ئادەم بولغاچقا، نامىزىغا ھېچكىم كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى مۇشۇ تاغقا دەپنە قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈم ئېلىپ كەلدىم. چارۋىچى:

— مەن ئانچە كۆپ دۇئا بىلمەيمەن. ئەمما، ئەگەر خالىسىڭىز سىزگە ياردەم قىلىشنى خالايمەن، — دەپتۇ.

ئايال چارۋىچىنىڭ ياردىمىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. چارۋىچى تاغدىن مۇۋاپىق بىر يەرنى كولاپ مېيىت ئۈچۈن يەرلىك ھازىرلاپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ، ئۆزى بىلگەنچە دۇئا قىلىپ دەپنە قىپتۇ.

شۇ كېچىسى ھېلىقى ئادەم مەھەللە ئىمامىنىڭ چۈشىگە

كىرىپتۇ. ئىمام ئۇنى جەننەتتە كۆرۈپتۇ، ئەمما بۇ چۈشكە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەپتۇ. ئىمام ئەتىسىمۇ بۇ چۈشنى كۆرۈپتۇ، ئۈنىڭ ئەتىسىمۇ يەنە شۇ چۈشنى تەكرار كۆرۈپتۇ.

ئىمام كۆڭلىدە: «بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار. بۇ ئادەمنى ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ كۈن جەننەتتە كۆردۈم. بۇ ئىش ھەققىدە مەھەللە ئاقساقىلى بىلەن پاراڭلىشىپ باقاي» دەپ ئويلاپ، يولغا چىقىپتۇ.

ئاقساقالمۇ ئىمامنى ئىزدەپ ماڭغان ئىكەن. ئىككىسى يولدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئىمام سۆز باشلاشتىن بۇرۇن، ئاقساقال ئۆزىنىڭ چۈشىدە ھېلىقى ئادەمنىڭ جەننەتتە يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇدا ئۈچ كۈن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئىماممۇ ئاقسالغا ئۆزىنىڭ بۇ چۈشنى ئۇدا ئۈچ كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئىككىيلەن بىر - بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇشۇپتۇ.

ئاندىن ئۇلار بۇ ئادەمنىڭ ئايالىدىن ئەھۋال سورىغىلى كەپتۇ. ئايال:

ــ ئېرىم سىلەر بىلگەندەك خۇيى يامان، جامائەتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان بىرى ئىدى. ماڭىمۇ كۆپ زۇلۇم قىلاتتى. نامىزىغا ھېچكىم كەلمىگەچكە، شىمالىي تاغنىڭ بويىدىكى بىر چارۋىچى نامىزىنى ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ دەپنە قىلدى. مەن بۇنىڭدىن باشقىسىنى بىلمەيمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار چارۋىچىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئادەمگە نېمە دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى سوراپتۇ. چارۋىچى:

ــ مەن ئۇ ئايالغىمۇ دېگەن ئىدىم. مەن كۆپ دۇئا بىلمەيمەن. مەن ئۇ كىشىگە چىن قەلبىمدىن چىقىرىپ: «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ كەپەمگە كەلگەن ھەرقانداق كىشىنى قولۇمدىن كېلىشىچە مېھمان قىلىپ يولغا سالىدىغانلىقىمنى بىلىسەن. بۇ بەندەڭ ساڭا مېھمان بولۇپ كەپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆز پەزلى - كەرەمىڭ بىلەن

مۇئامىلە قىلغايسەن!» دەپ سەمىمىي دۇئا قىلغان ئىدىم دەپتۇ.

## ھېكمەت

ئىنسان دۇئا قىلىش ئارقىلىق ياخشىلىققا ئېرىشكەندەك، بالا - مۇسىبەتتىن قۇتۇلغاندەك، دۇئا ئېلىش ئارقىلىقمۇ ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ، ئۆزىدىن بالا - مۇسىبەتنى دەپئى قىلىدۇ. دۇئانىڭ تەسىرى ۋە ئىجابەت بولۇشى جاراڭلىق، بالاغەتلىك بولۇشىدا ئەمەس، بەلكى سەمىمىي ۋە ئىخلاس بىلەن بولۇشىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇئا ئېلىشقىمۇ سەل قارىماسلىق لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قىلغان غايىبانە دۇئاسى ئىجابەتتۇر. ئۇنىڭ قېرىندىشىغا قىلغان ھەربىر خەيرلىك دۇئاسىغا بېشىدا تۇرغان پەرىشتە: ‹ئامىن، ساڭىمۇ ئوخشىشى بېرىلگەي!› دەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ»[1].

گۈزەل ۋە تەسىرلىك دۇئا قىلىش ئالاھىدە بىر سەنئەت. لېكىن، دۇئادا ئەڭ مۇھىم بولغىنى سەمىمىيلىكتۇر. دۇئانى ئەرەبچە قىلىش شەرت ئەمەس. ھەربىر ئادەم ئۆزى بىلگەن تىل بىلەن دۇئا قىلسا بولىدۇ.

[1] سەھىھ مۇسلىم، 2732 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 73. سەلبىي ئۇچۇرلارغا قۇلاق سالماڭ

بىر توپ پاقا ئېگىزگە چىقىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپتۇ. مۇسابىقە باشلىنىپتۇ. ئەتراپتا ئولتۇرغان تاماشىبىن پاقىلار مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىر پاقىلارغا: «سىلەر ھەرگىز ئېگىزگە چىقالمايسىلەر، چۈنكى بىز پاقىلار ئەزەلدىن ئېگىزگە چىقىپ باقمىغان. شۇڭا، بىزنىڭ بولغىنىمىز مۇشۇ» دەپ چوقان سېلىشىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپتۇ.

نەتىجىدە، ماھىر پاقىلار بىر - بىرلەپ يېرىم يولدىن يېنىپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. پەقەت بىرلا پاقا توختىماستىن ئىلگىرىلەپ، ئەڭ يۇقىرىغا چىقىپ، مۇسابىقىدا غەلىبە قىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پاقىلار ھەيران بولۇشۇپ، ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقا باشلاپتۇ. ئەمما، ئۇلار بۇ پاقىنىڭ ئەسلىدە بىر گاس ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ.

### ھېكمەت

ئىلمىي تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مېڭىگە ئەۋەتىلگەن سەلبىي ئۇچۇرلار ئىنساننىڭ تەپەككۇرىغا، ئېتىقادىغا، ئاندىن ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە ئىش -پائالىيىتىگە زور دەرىجىدە يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنسان سەلبىي ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلغىنىدا، ئىلمىي قۇدرىتى، تالانتى ۋە تىرىشچانلىقى تۆۋەنلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا سەلبىي ئۇچۇرلارغا قۇلاق سالماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرىپ، ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ پوزىتسىيەسىنى مۇنداق

بايان قىلىدۇ: **«ئۇلار (شۇنداق زاتلاركى، بىر قىسىم) كىشىلەر ئۇلارغا: ‹شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار› دېگەندە، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: ‹بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ھامىي!› دېدى»**[1].

مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ سىرى ـ سەلبىي ئۇچۇرلارغا «گاس» بولۇپ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان ئاساستا ئۆز نىشانىغا قاراپ ئىشەنچ بىلەن ئىلگىرىلەشتۇر.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 173 - ئايەت.

## 74. ياخشىلىق ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ

ياشىنىپ قالغان بىر ئادەم باغچىدا غەمكىن ئولتۇراتتى. چۈنكى ئۆزى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، دوختۇرلار ئۇنىڭغا كۆپ بولسا بىر ئايلىق ئۆمرى قالغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. قارشى تەرەپتىكى بىر ئورۇندۇقتا بىر ئايال تېلېفوندا بىر كىشىگە يالۋۇراتتى؛ ئۆيىنىڭ ئىجارىسىنى ۋاقتىدا ئۆتىيەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۆھلەت بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئايال تېلېفوننى قويۇپ، قاتتىق ئۈنىدا يىغلايتتى. ئادەم ئۇنىڭغا تىكىلىپ، ئايالنىڭ چىرايىدىكى كۆز ياشلىرىنى كۆرىدۇ. ئايالغا ئىچى ئاغرىپ، ئاستا يېنىغا كەلدى ۋە ئەھۋال سورىدى. ئايال ئېرىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى، نارەسىدە باللىرى بىلەن قالغانىنىڭ ئۈستىگە ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەي دېسە ئىش تاپالمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئادەم ئايالنىڭ ئادرېسىنى ۋە تېلېفون نومۇرىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى. ئەتىسى ئىشخانىسىغا بېرىپ، مەزكۇر ئايال ھەققىدە ۋەسىيەت يازدى. ۋەسىيەتتە ئايالغا ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئايلىق خىراجىتىنى يەتكۈزۈپ بېرىش يېزىلغان بولۇپ، ئايالنىڭ ئادرېسى ۋە تېلېفونىنىمۇ قوشۇپ قويدى. ئاندىن ئايالنىڭ ئۆيىگە يېمەك-ئىچمەك، مېۋە-چېۋە، بىر ئايلىق خىراجەت ۋە بىر يىللىق ئىجارە پۇلىنى ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئايالنىڭ ئايلىق خىراجەت پۇلى كېلىپ تۇرىدىغان بولدى.

ئارىدىن 22 يىل ئۆتتى. ئايالنىڭ ئايلىق خىراجەت پۇلى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. يېقىنقى ئاي كىرىشكە بىر كۈن قالغاندا ئادەم ۋاپات بولدى.

شۇ سەۋەبتىن ئاشۇ ئايىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئايالنىڭ خىراجىتى يەتكۈزۈپ بېرىلمىدى. يەتتە كۈندىن كېيىن، ئادەمنىڭ پەرزەنتلىرى دادىسىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ، ئىش ئۇستىلىدىكى تارتمىنى ئاچتى ۋە مەخسۇس كونۋېرت ئىچىدىكى ۋەسىيەتنى ئوقۇدى. ئۇلار ئايالنىڭ خىراجەت پۇلىنى كېچىكتۈرۈپ قويغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ، دەرھال ئايالنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە خىراجەت پۇلىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

ئەمما ئايال ئەدەپ بىلەن: «داداڭلارغا رەھمىتىمنى ئېيتىپ قويۇڭلار. بۈگۈن چوڭ بالامنىڭ ئىشقا كىرگىنىگە يەتتە كۈن بولدى. بالامغا ئالدىن بېرىلگەن مائاش بىلەن ئۆيىنىڭ ئىجارىسىنى تۆلىدۇق ۋە ئائىلىق ئېھتىياجلىرىمىزنى سېتىۋالدۇق. ئەمدى، بىزنىڭ ياردەمگە ھاجىتىمىز قالمىدى. بۇ پۇلنى باشقا بىر يوقسۇل بىر ئائىلىگە بېرىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن» دېدى. پەرزەنتلەر: «دادىمىز ۋاپات بولدى، بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى» دېدى. ئايال قاتتىق يىغلاپ كەتتى ۋە دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، «ئى ئاللاھ! پەرزەنتلىرىمنى قاتارغا قوشۇپ، چوڭىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغۇچىلىك ئۇ ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقان ئى كەرەملىك ئاللاھ! بۇ ئادەمنىڭ ئاخىرەتتىكى مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلغىن» دېدى.

## ھېكمەت

باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى قىلىنغان ھەربىر ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياخشىلىق ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ»[1] دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ۋە ياخشى نامىنىڭ قېلىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلسۇن»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

## 75. ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش رىزىقنى كۆپەيتىدۇ

سۈرىيەنىڭ قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر تاكسىچى ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىۋاتسا، تەقى - تۇرقىدىن ئىنتايىن نامراتلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بىر كىشى تاكسىسىنى توسۇپتۇ. تاكسى شوپۇرىنىڭ:

– تاغا قەيەرگە بارىسىز؟ دېگەن سوئالىغا ھېلىقى كىشى:

– مەن ئاۋۇ تاغدىكى مەھەللىدە ئولتۇرىمەن. ئۆيۈم ئۇزاق، ئەمما سىزگە بەرگۈدەك پۇلۇم يوق، – دەپتۇ. تاكسىچى:

– بولدى، ماشىنىغا ئولتۇرۇڭ، ئاپىرىپ قوياي، پۇل كېرەك ئەمەس، – دەپ، ئادەمنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

ئۇ كىشىنىڭ ئۆيى ئېگىز تاغدىكى بىر مەھەللىدە بولۇپ، يول راستىنلا ئۇزاق ئىكەن. شوپۇر ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ، ئۇ كىشىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئۇ كىشى تاكسىدىن چۈشۈپ بولغۇچە، نارەسىدە پەرزەنتلىرى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ:

– دادا نان ئەكەلدىڭىزمۇ؟ قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتتى، – دېگىلى تۇرۇپتۇ.

ئۇ كىشى شوپۇرغا بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن پەس ئاۋازدا:

– ياق، باللىرىم، مەن ھېچ نەرسە ئەكىلەلمىدىم، – دېگەچ تاكسىدىن تېزرەك ئۇزاقلىششقا ئۇرۇنۇپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن تاكسىچى ئۇ كىشىنى توختىتىپ قويۇپ،

دۇكانغا يۈگۈرۈپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بەش قاپ نان ئېلىپ چىقىپ، باللارغا بېرىپتۇ. تاكسىچى باللارنىڭ نانلارنى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن يەپ بىردەمدىلا يېرىمىنى تۈگىتىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بەك ئىچى ئاغرىپتۇ ۋە يېنىدىن ئازراق پۇل چىقىرىپ، ئۇلارغا بېرىپ، يولغا يۈرۈپ كېتىپتۇ.

تاكسىچى تاغدىن پەسكە چۈشۈشىگىلا، ئىككى نەپەر ساياھەتچى ئالدىنى توسۇپ، ئايرودرومغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ساياھەتچىلەر ئايرودرومغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، تاكسىچىغا 2500 لىرا بېرىپتۇ. تاكسىچى بۇ پۇلنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى، يول كىراسىغا 500 لىرا بەرسىلا يېتىدىغانلىقىنى ئېيتىسىمۇ، ساياھەتچىلەر:

– بىز بىلىمىز، مەيلى، سىزگە ياردىمىمىز بولۇپ قالسۇن، – دەپ قويۇپ، كېتىپ قاپتۇ.

شۇ ئارىدا، ئايرودرومدىن شەھەرگە كىرىدىغان چەتئەللىكلەر تاكسىسىغا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارمۇ يېنىدا لىرا بولمىغانلىقى ئۈچۈن دوللار بېرىپتۇ. ئۇلار بەرگەن دوللارلارنىڭ قىممىتى 9500 لىرا بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاكسىچىنىڭ يانچۇقىغا بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا 12000 لىرا پۇل كىرىپتۇ.

تاكسىچى خۇشاللىقىدىن ئاللاھقا شۈكۈر قىپتۇ ۋە يېمەك - ئىچمەك، مېۋە - چېۋە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئادەم تاكسىچىنى كۆرۈپ:

– مەن سىزگە قەرزدار تۇرسام، يەنە نەرسە - كېرەك ئېلىپ كەپسىزغۇ، – دەپتۇ. تاكسىچى تەبەسسۇم بىلەن:

– تاغا سىزنىڭ سەۋەبىڭىز بىلەن ئاللاھ ماڭا بۈگۈن كۆپ رىزىق بەردى. ئۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ئازراق نەرسە ئېلىپ كەلدىم، قوبۇل قىلغايسىز، – دەپتۇ.

## ھېكمەت

ئاللاھ يولىدا قىلىنغان ياردەم، بولۇپمۇ ئاجىز، بىچارە ۋە يوقسۇللارغا قىلىنغان ياردەم ھەرگىزمۇ كىشىنىڭ مال - دۇنياسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئاللاھ تائالا ئاجىزلارغا قىلىنغان مېھرىبانلىق سەۋەبلىك ئۆز خەزىنىسىدىن بىرگە ئون، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ رىزىق بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:**«ئاللاھ يولىدا نېمىنى بەرسەڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر»**[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ بۇ ھەقىقەتنى يورۇتۇپ مۇنداق دېگەن: «سىلەر پەقەت ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەر سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىسىلەر ۋە رىزىق بېرىلىسىلەر»[2].

شۇڭا، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىشقا سەل قارىماڭ. سىز ئاجىزلارغا بىرنى بەرسىڭىز، ئاللاھ سىزگە ئوننى، يۈزنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە بېرىدۇ.

---

[1] سەبەئ سۈرىسى، 39 - ئايەت.

[2] سەھىھۇل بۇخارىي، 2896 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 76. كۈننىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋاقتى سەھەر ۋاقتىدۇر

بىر ئايال توي قىلىپ، سەككىز يىل بولغان بولسىمۇ، پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەپتۇ. بارمىغان دوختۇر، قىلمىغان سەۋەب قالماپتۇ. شۇنداقتىمۇ، يەنىلا ئېغىرئاياغ بولالماپتۇ. ئاخىرقى قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، دوختۇرلار ئەر - ئايال ئىككىسىنى تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن، پەرزەنت كۆرەلمەسلىكنىڭ سەۋەبىنىڭ ئېرىدە ئىكەنلىكىنى، ئېرىنىڭ بالا يۈزى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئەر ئايالىنىڭ ئاكىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ:

– مەسىلە مەندە ئىكەن. سىڭلىڭىزنىڭ مېنىڭ سەۋەبىمدىن پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەي قېلىشىنى خالىمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ تالىقىنى بېرەي دەيمەن، –دەپتۇ. ئايالىنىڭ ئاكىسى:

– ئۇنداق قىلمايلى، بەلكىم كېيىنچە بىرەر چارىسى تېپىلىپ قالار، – دەپ ئەرنىڭ پىكرىنى رەت قىپتۇ.

ئەر بۇ گەپنى ئايالىغىمۇ دەپتۇ. ئايالىمۇ ئاجرىشىشقا قەتئىي قوشۇلماپتۇ ۋە ئېرىگە:

– بىز نېمىشقا ئاللاھقا يالۋۇرمايمىز؟ ئاللاھ ھەممىگە قادىرغۇ! – دەپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەر - ئايال ئىككىسى ھەر سەھەر تەھەججۇد نامىزى ئوقۇپ، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىپتۇ. ئېرى ھەر كۈنى يوقسۇللارغا سەدىقە بېرىپتۇ، ھەتتا ئىش ئورنىدىمۇ ئۆزى نېمە يېسە،

ئىشچىلىرىغىمۇ شۇنى يېگۈزۈپتۇ.

رامىزان ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئايالى ئېرىگە ئايلىق ئادىتىنىڭ كەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئېرى بۇ خەۋەردىن ھاياجانلىنىپ، دەرھال ھامىلدارلىق تەكشۈرۈشى قىلىپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. ئەمما، ئايالى:

– كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ زېرىكتۇق، پايدىسى يوق، ئۆزىڭىزنى ئارتۇقچە ئۈمىدلەندۈرمەڭ. ھامىلدار چىقماي قالسام، يەنە بىئارام بولۇپ قالىسىز. ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولايلى، – دەپ تەكشۈرۈشنى رەت قىپتۇ.

ئەمما، ئېرى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئايال ئېرىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ ۋە ئىككىسى بىرلىكتە تەكشۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا، بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ. دوختۇرلار: «باللىق بولالمايسىز» دېگەن ئەرنىڭ ئايالى ئېغىرئاياغ چىقىپتۇ. ئەر - ئايال ئىككىسى دەرھال سەجدىگە بېرىپ، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ چەكسىز رەھمىتىگە تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپتۇ.

## ھېكمەت

ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر. سەۋەب ۋە قانۇنىيەتلەرنى ئۇ بەلگىلىگەن، ئۇ خالىسا ئۇلارنى يەنە بىكار قىلىۋېتەلەيدۇ. خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتا كۆيدۈرمىگەندەك، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاتىسىز ياراتقاندەك ۋە ھەزرىتى مەريەمگە سەۋەبسىز رىزىق بەرگەندەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەۋەبكىلا ئېسىلىۋېلىپ، تەلەپكە سەل قارىماڭ؛ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەڭ؛ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش، خەير - ساخاۋەت قىلىش، سەدىقە بېرىش قاتارلىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھتىن تىلەڭ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇڭ.

قىممىتىنى بىلگەنلەر ئۈچۈن سەھەر ۋاقتى تېپىلماس پۇرسەتتۇر. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا، ئاللاھ تائالا بىرىنچى ئاسمانغا چۈشۈپ: «مەندىن ھاجىتىنى تىلەيدىغانلار بارمۇ؟ راۋا قىلىمەن؛ ماڭا تەۋبە قىلىدىغانلار بارمۇ؟ مەغپىرەت قىلىمەن» دەپ نىدا قىلىدۇ[1]. تىلەكلەرنى تىلەش ۋە گۇناھلاردىن پاكلىنىش ئۈچۈن سەھەر ۋاقتى ناھايىتى ياخشى پۇرسەتتۇر.

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

## 77. ھالالدىن يېسىڭىزمۇ، ھارامدىن يېسىڭىزمۇ رىزقىڭىزنى يەيسىز

بىر كۈنى بىر يىگىت كەئبىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ: «ئى توغرا يولدا ماڭغانلارنىڭ ياردەمچىسى رەببىم! ئى ھارامدىن ساقلانغۇچىلارنىڭ ياردەمچىسى رەببىم! ساڭا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەن» دېگەن دۇئانى قايتا - قايتا تەكرارلاپتۇ. يىگىتنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ تۇرغان بىر مويسىپىت كىشى ئۇنىڭدىن:

– ئوغلۇم! سەن باشقا دۇئا بىلمەمسەن؟ نېمىشقا بىرلا دۇئانى تەكرارلاۋېرىسەن؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ – دەپ سوراپتۇ. يىگىت ھېكايىسىنى باشلاپ مۇنداق دەپتۇ:

«مەن بۇنىڭدىن 18 يىل ئىلگىرى دەل مۇشۇ يەردە – كەئبىنىڭ ئالدىدا بىر ھەميان تېپىۋالغان ئىدىم. ھەميانىنىڭ ئىچى لىق ئالتۇنغا تولغان ئىدى. شۇ چاغلاردا، پۇلغا ئىنتايىن موھتاج ئىدىم. شەيتان ماڭا: ‹بۇ ئالتۇنلار بىلەن تىجارەت قىلىپ، ھالىڭنى ياخشىلىۋالساڭ بولمامدۇ؟› دەپ ۋەسۋەسە قىلىشقا باشلىدى. ئەمما دىنىم ۋە ۋىجدانىم بۇنداق قىلىشقا يول قويمىدى. ئالتۇنلارنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەۋاتسام، بىر ئادەم ھەميانىنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ھەميان ۋە ئىچىدە نېمە بارلىقى ھەققىدە سوئال سورىدىم. ئۇ كىشى ھەميانىنى سۈپەتلەپ بەردى ۋە ئىچىدە مىڭ تىللا ئالتۇن بارلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەميانىنى ئىگىسىگە قايتۇردۇم. ھەميانىنىڭ ئىگىسى بەك خۇشال بولۇپ، ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي ماڭا 30 تىللا بەردى. شۇ ئوتتۇز تىللا بىلەن خېلى كۆپ

ئېھتىياجىمنى قامدىۋالدىم.

يىللار ئۆتۈپ، بىر كۈنى دېڭىز سەپىرىگە چىقتىم. تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ، كېمە ئۆرۈلۈپ كەتتى. كېمىدىكى نۇرغۇن كىشى قازا قىلدى. ئەمما، مەن ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بىر ياغاچنى تۇتۇۋېلىپ، دېڭىز ساھىلىغا ئامان - ئېسەن چىقىۋالدىم.

ساھىلنى بويلاپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، بىر ناتونۇش يېزىغا كېلىپ قالدىم. شۇ يېزىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. يېزا ئاھالىسى ناھايىتى ياخشى كىشىلەر ئىكەن، مېنى ئارىسىغا ئالدى ۋە ماڭا غەمخورلۇق قىلدى. ئۇلار مېنىڭ قۇرئان ئوقۇشنى ۋە خەت يېزىشنى بىلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ بېرىشىم ئۈچۈن مەسجىدكە يىغىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، مەن بۇ يېزىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي، شۇ يېزىدىكى ئەڭ باي، سېخى بىر كىشى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ كىشىنىڭ بىرلا قىزى بولۇپ، يېزا ئاقساقاللىرى مېنى شۇ قىز بىلەن ئۆيلەندۈرۈپ قويدى. تويدىن كېيىن، ئايالىم ماڭا ئاتىسىدىن قالغان بىر نەچچە ساندۇق مال - دۇنيانى كۆرسەتتى. ساندۇقلارنىڭ بىرىدە كونىراپ كەتكەن بىر ھەميانىنى كۆرۈپ، ئۇنى تونۇپ قالدىم. ئۇ دەل مەن 18 يىل ئىلگىرى كەئبىنىڭ يېنىدا تېپىۋالغان ھەميانىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئىچىنى ئاچسام، 970 تىللا ئالتۇن چىقتى.

شۇ دەقىقىدە ماڭا ئايان بولدىكى، بۇ ئالتۇنلار مېنىڭ تەقدىرىمگە پۈتۈلگەن رىزقىم ئىكەن. ئەگەر مەن شۇ چاغدا ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرماي، ھارام يول بىلەن يېگەن بولساممۇ، يەنىلا شۇ رىزقىمنى يېگەن بولار ئىكەنمەن. ئەمما، مەن ھارامدىن يىراق تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئاللاھ ماڭا ئۇنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپىنى ھالال يول بىلەن بەردى. ئاللاھنىڭ بۇ نېمىتىگە قانچىلىك ھەمدۇسانا ئېيتسام ئاز ئەمەسمۇ؟».

## ھېكمەت

ئىنسان ئاز يېسۇن ياكى كۆپ يېسۇن، ھالال يېسۇن ياكى ھارام يېسۇن، ئاللاھ تەقدىردە پېشانىسىگە پۈتۈلگەن رىزقىنى يەيدۇ. ھارام يولنى تاللاش بىلەن رىزىق كۆپىيىپ قالمايدۇ. ئەكسىچە، بەرىكىتى كېتىپ، گۇناھى قالىدۇ. ھالال يولنى تاللاش بىلەن رىزىق كېمىيىپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئاللاھ ھالال يولدىن تاپقان مال - دۇنياغا بەرىكەت بېرىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ياخشى ئۇسۇلدا رىزىق ئىزدەڭلار. چۈنكى، ھېچبىر ئىنسان پېشانىسىگە پۈتۈلگەن رىزقىنى ــ گاھىدا كېچىككەن تەقدىردىمۇ ــ تولۇق يېمەي تۇرۇپ، ئۆلمەيدۇ. ھالالدىن رىزىق ئىزدەپ، ھارامدىن يىراق تۇرۇڭلار»[1].

[1] سۇنەن ئىبنى ماجە، -2144 نومۇرلۇق ھەدىس.

## 78. قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ

بىر سەھرالىق ئىش ئىزدەپ يۇرتىدىن چىقىپتۇ. ئۇ يولدا ئېزىپ قېلىپ، بىر چۆل - باياۋانغا كىرىپ قاپتۇ. ئادەمزاتسىز چۆل - باياۋاندا يۇرە - يۇرە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ھالاك بولۇشقا ئاز قالغاندا، يىراقتىن بىر ئۆينى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئۆي ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن بىر ئايال چىقىپ، ئىشىكنى ئېچىپتۇ. سەھرالىق كىشى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! مەن ئۆيىڭىزگە مېھمان بولۇپ كەلدىم، ــ دەپتۇ. ئايال خۇشاللىق بىلەن:

ــ خۇش كەپسىز، مەن ئېرىمدىن سوراپ باقاي، ــ دەپ، ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئايال ئېرىگە:

ــ بۇ كىشى ئاللاھنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن مېھمىنى ئىكەن، قوندۇرۇپ قالايلى، ــ دەپتۇ. ئەر بېخىللىق قىلىپ:

ــ ئۆيىمىزدە مېھمان سىغقۇدەك ئورۇن، يېگۈدەك تاماق يوق، ــ دەپ رەت قىپتۇ.

سەھرالىق نائىلاج يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يېرىم كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر مەھەللىگە كېلىپ، بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن بىر ئايال چىقىپ، ئىشىكنى ئېچىپتۇ. سەھرالىق كىشى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەن مۇساپىرمەن، يولدىن ئېزىپ قېلىپ، بۇ مەھەللىگە كېلىپ قالدىم. مېنى مېھمان قىلىۋالسىڭىز، ــ دەپتۇ. ئايال زەردە بىلەن:

ــ بىز مېھمان قوبۇل قىلالمايمىز،ــ دەپ ئادەمنى قوغلىماقچى بوپتۇ.

شۇ ئەسنادا، ئۆي ئىچىدىن ئايالىنىڭ ئېرى چىقىپ:

– خۇش كەپسىز، ئاللاھنىڭ مېھمىنى، سىزنى قارشى ئالىمىز، – دەپ مۇساپىرنى ئۆيىگە باشلاپتۇ. داستىخان سېلىپ، مېھمان قىپتۇ. مېھمان تاماق يەپ بولۇپ، كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۆي ئىگىسى ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن نېمىگە كۈلگەنلىكىنى سوراپتۇ. مېھمان:

– پالانى چۆلنىڭ بويىدا بىر ئۆيگە كىرىۋىدىم، ئايالى قارشى ئالدى. ئەمما، ئېرى قوغلاپ چىقاردى. بۇ ئۆيگە كېلىۋىدىم، ئايالىڭىز قوغلىماقچى بولدى. ئەمما، سىز قارشى ئېلىپ، ناھايىتى ئوبدان كۈتۈۋالدىڭىز. بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، كۈلۈۋاتىمەن، – دەپتۇ.

ساھىپخان كۈلۈپ تۇرۇپ:

– سىز بۇرۇن كىرگەن ئۆيدىكى مېھماندوست ئايال مېنىڭ سىڭلىم، ئۇنىڭ ئېرى ئايالىمنىڭ ئاكىسى بولىدۇ، – دەپتۇ.

## ھېكمەت

ئەجدادلىرىمىز «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئەربلەردىمۇ: «بالىلار ئاتا - ئانىسىنى تارتىدۇ» دېيدىغان ماقال بار.

ئائىلە تەربىيەسى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ بالىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە كىشىلىك خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. مېھماندوست، سېخىي، ئېسىل ئائىلىدە ئۆسكەن، ئائىلە تەربىيەسى ياخشى ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاش ئېسىل ئادەم بولىدۇ. بېخىل، پىخسىق ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىمۇ ئاتا - ئانىسىدىن بۇ ئىللەتلەرنى يۇقتۇرىدۇ. چۈنكى، بالىلار ئاتا - ئانىسىدا بارنى ئالىدۇ، ئائىلىسىدە كۆرگەنلىرىنى قىلىدۇ.

تۇرمۇش قۇرۇشتا قارشى تەرەپنىڭ ئائىلىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ سەۋەبى مانا بۇ يەردە.

## 79. ۋەتەنپەرۋەرلىك پىداكارلىق تەلەپ قىلىدۇ

سۇلتان ئالىپ ئارسلان ۋە مالازگىرت مەيدانىدىكى كېپەنلىك جىھاد ھېكايىسى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئۇنتۇلماس ئۆلگىسىدۇر. مىلادىيە 1071 - يىلى بۈيۈك سەلچۇقىيلار سۇلتانى ئالىپ ئارسلان 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن ئۆزىدىن ئۈچ - تۆت ھەسسە كۆپ 200 مىڭ كىشىلىك ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم ئىمپېراتورلۇقى) ئارمىيەسىگە قارشى جىھادقا چىقىدۇ.

جەڭدىن بىر كۈن ئىلگىرى، ئەھۋالنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى، بۇ جەڭنىڭ پۈتۈن بىر مىللەت ۋە تۇپراقنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان سۇلتان ئالىپ ئارسلان جۈمە نامىزىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سۇلتانلىق كىيىملىرىنى يېشىپ، ئاق رەڭلىك كېپەنلىك كىيىپ، ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى باغلاپ، قوشۇنىنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ (بۇ ئوغۇز ۋە ئىسلام ئادىتىدە «جەڭدىن ھەرگىز قايتمايمەن، يا غەلىبە قىلىمەن ياكى شېھىت بولىمەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى).

سۇلتان ئالىپ ئارسلان قوشۇنىغا قاراپ شۇنداق تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلەيدۇ:

«مەن بۇ جەڭدە پەقەت بىر ئاددىي جەڭچى سۈپىتىدە سىلەر بىلەن بىللە جىھاد قىلىپ شېھىت بولۇشقا تەييارلاندىم. ھازىردىن باشلاپ ئاراڭلاردا سۇلتان يوق. مەن كېپىنىمنى كىيدىم، ئۆلسەم كۆمۈلىدىغان جايىم مۇشۇ تۇپراق بولىدۇ. كىمكى مەن بىلەن بىللە بۇ تۇپراقنى، بۇ خەلقنى ۋە ئىمانىنى قوغداشقا بەل باغلىسا ماڭا

ئەگەشسۇن؛ كىمكى ئائىلىسىگە قايتماقچى بولسا يولى ئوچۇق، رۇخسەت بېرىمەن!».

بۇ جاسارەتلىك ۋە سەمىمىي سۆزلەرنى ئاڭلىغان پۈتۈن قوشۇن كۆزلىرىگە ياش ئالدۇ ۋە ھېچبىر جەڭچى ئارقىسىغا يانمايدۇ. ئالپ ئارسلان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۆز ۋەتىنىنى ۋە ئىززىتىنى قوغداش ئۈچۈن تەڭداشسىز شىجائەت كۆرسىتىپ، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئارمىيەنى يېڭىپ چىقىدۇ.

## ھېكمەت

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ بۇيرۇغان: **«ئى ئىمان ئېيتقانلار! مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن چىداملىق بولۇڭلار، (دۈشمىنىڭلاردىن بەكرەك چىدامچانلىق كۆرسىتىڭلار، (جىھادقا) تەييار تۇرۇڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار»** .

ھەركىمنىڭ ۋەتىنى خۇددى ئانىسىنىڭ باغرىدەك ئىسسىق ۋە ئارامبەخشتۇر. شۇڭا ئۇنى«ئانا ۋەتەن» دەيمىز. ئىسلام دىنىمىز ۋەتەننى قوغداشنى ئەڭ ئالدىنقى پەرزلەرنىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلىگەن. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە جىھاد ھەققىدە چۈشكەن تۇنجى ئايەت ۋەتەن سەۋەبلىك چۈشكەن. **«ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئۇلار پەقەت ‹رەببىمىز ئاللاھتۇر› دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان ئىدى»** . چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىنى ئانا ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقارغان، ئۆي-جايلىرىنى ۋە مال-مۈلكىنى تارتىۋالغان زالىملارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى پەرز قىلغان. ۋەتەن سۆزى تىلغا ئېلىنغاندا قەلبى لەرزىگە كەلمىگەن ئادەمنى ئىنسانىيلىقتىن نەسىۋىسىنى ئالالمىغان ئادەم دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز.

ۋەتەن سۆيگۈسى ئەڭ تەبىئىي، ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئەڭ سەممىمىي سۆيگۈدۇر. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا قاتتىق سېغىنىدۇ، ۋۇجۇدى ۋەتىنىدىن ئايرىلسىمۇ، قەلبى قەتئىي ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىم ۋەتەندىن ئايرىلىشنى ئۆلگەن بىلەن تەڭ قىلىپ كۆرسەتكەن.

**«ئەگەر بىز ئۇلارغا: ‹ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار› دەپ ئەمر قىلغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى».**

ۋەتەننى، مىللەتنى ۋە ئىماننى قوغداش ئۈچۈن مۆرىتى كەلگەندە، جېنىنى پىدا قىلىشتىنمۇ يانمايدىغان پىداكارلىق بولۇشى كېرەك. ھەل قىلغۇچ پەيتلەردە پىداكارلىق كۆرسىتەلمىگەنلەر ھۆرلۈك ۋە ئەزىزلىك شاراپىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، قۇللۇقتا ۋە خارلىقتا مەھكۇم بولىدۇ.

## 80. ئەڭ ياخشى مىراس تەقۋادارلىقتۇر

ئابباسىيلار خەلىپىسى ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغان كۈنى ئۆلىمالار ۋە يۇرت چوڭلىرى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئارىسىدا بۈيۈك ئالىم ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىم بار ئىدى. خەلىپە مەنسۇر ئۇنىڭغا:

– ئى ئابدۇراھمان! ماڭا نەسىھەت قىلغىن، – دەيدۇ.

ئەللامە ئابدۇراھمان:

– كۆرگەنلىرىم بىلەن نەسىھەت قىلايمۇ ياكى ئاڭلىغانلىرىم بىلەنمۇ؟ – دەپ سورايدۇ.

خەلىپە مەنسۇر:

كۆرگەنلىرىڭ بىلەن قىلغىن، – دەيدۇ.

ئەللامە ئابدۇراھمان نەسىھىتىنى باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئادىل خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ 11 ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭدىن پەقەت 18 دىنارلا پۇل مىراس قالدى. ئۇ پۇلدىن بەش دىنارغا كېپەنلىك سېتىۋېلىندى، تۆت دىنار قەبرە كولاشقا ئىشلىتىلدى، قالغان توققۇز دىنار 11 ئوغلىغا تەقسىم قىلىندى.

خەلىپە ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭمۇ ئوخشاشلا 11 ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئۆلگەندە، ھەربىر ئوغلىغا بىر مىليون دىناردىن مىراس تەقسىم قىلىندى.

ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن بىر كۈن ئىچىدە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ ئاللاھ يولىدىكى جىھاد ئۈچۈن 100 ئاتنى سەدىقە قىلغىنىنى، ھىشامنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ بولسا، بازارلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگىنىنى كۆردۈم!».

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز سەكراتتا جان تالىشىۋاتقاندا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! پەرزەنتلىرىگە نېمە مىراس قالدۇردىلا؟ ــ دەپ سورايدۇ. خەلىپە ئۇلارغا جاۋابەن:

ــ مەن ئۇلارغا تەقۋادارلىقنى مىراس قالدۇردۇم. ئەگەر ئۇلار سالىھ (ياخشى) كىشىلەردىن بولسا، ئاللاھ سالىھلارنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مەن ئۇلارغا ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشىغا ياردەمچى بولىدىغان مال - دۇنيا قالدۇرۇپ قويمىغان بولىمەن، ــ دەيدۇ ۋە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ: «**شەكسىزكى، مېنىڭ ئىگەم كىتابنى (قۇرئاننى) نازىل قىلغان ئاللاھتۇر، ئۇ ياخشىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ**»[1].

### ھېكمەت

ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە قالدۇرىدىغان مىراسلىرى ئىچىدە ئەڭ بەرىكەتلىك، ئەڭ مەنپەئەتلىك ۋە مەڭگۈلۈك بولغىنى تەقۋالىقتۇر. چۈنكى، تەقۋالىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەتنىڭ كاپالىتىدۇر.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىنى مال - دۇنيا بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئويلايدۇ، ئەمما ئۇلار ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كۆرسەتكەن ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەتتىن

[1] ئەئراف سۈرىسى، -196 ئايەت.

غەپلەتتە قالىدۇ. ئاللاھ تائالا پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەيدىغان ئاتا - ئانىلارغا كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **«ئارقىسىدا چارىسىز نارسىدىلىرىنى قويۇپ كەتكەن تەقدىردە، ئۇلار ئۇچۇن ئەندىشە قىلىدىغانلار، (باشقىلارنىڭ قېلىپ قالغان بالىلىرى ئۈچۈنمۇ) ئەندىشە قىلسۇن، (يېتىملەرنىڭ ئىشىدا) ئاللاھتىن قورقسۇن ۋە توغرا گەپ قىلسۇن»**[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىلىرىمىزغا مال - دۇنيا مىراس قالدۇرۇشتىنمۇ بەكرەك ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئاللاھتىن قورقۇش، ھالال - ھارامنى ئايرىش ۋە ئېسىل ئەخلاق سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. مانا بۇ ئەڭ بۈيۈك كاپالەتتۇر.

[1] سۈرە نىسا، 9 - ئايەت

## 81. ھاياتتىكى ئەڭ ئېشەنچلىك سۇغۇرتا ئىستىقامەتتۇر

چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ناھايىتى تېتىك بىر بوۋاي بىر كوچىدا كېتىپ باراتتى. بىر نەچچە نەپەر ياش بوۋايغا قىزىقىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى كەلدى. ئۇلار بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ، سالام بېرىشتى. بوۋايمۇ ئۇلارنىڭ سالىمىنى قىزغىنلىق بىلەن ئىلىك ئالدى. ياشلاردىن بىرى بوۋايدىن:

– بوۋا! بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ – دەپ سورىدى. بوۋاي ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ:

– بۇ يىل 96 ياشقا كىرىپ قالدىم بالىلىرىم، – دەپ جاۋاب بەردى. شۇ ئەسنادا ياشلاردىن يەنە بىرى بوۋايدىن:

– سىزنى مۇشۇ يېشىڭىزدىمۇ بۇنداق ساغلام ۋە تېتىك تۇتۇۋاتقان نەرسە نېمە؟ – دەپ سورىدى. بوۋاي قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ:

– ئىستىقامەت! ئىستىقامەت بالىلىرىم، – دەپ جاۋاب بەردى. ئاردىن يەنە بىر ياش:

– بوۋا! سىز قانداق ئىستىقامەت قىلىۋاتىسىز؟ – دەپ سوراپ قالدى. بوۋاي تەمكىن ھالدا:

– ھارامدىن يىراق تۇرۇش، ئاللاھ بۇيرۇغان توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش بىلەن، – دەپ جاۋاب بەردى.

### ھېكمەت

ئىستىقامەت – توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، شەرىئەتنىڭ

چەك - چېگراسىغا رىئايە قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشىدا ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ئىش كۆرگەن ئادەم ئىستىقامەت ئۈستىدە بولغان بولىدۇ. ئىستىقامەت ــ پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ مەنبەسىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **«(پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (گۇناھ ــ مەئسىيەتتىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا ئاسمان ــ زېمىننىڭ بەرىكەتلىرىنى ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق»**[1].

ئىستىقامەت ــ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىق بەخت - سائادەت ۋە ئامانلىقنىڭ مەنبەسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **«شەكسىزكى، ‹رەببىمىز ئاللاھتۇر› دېگەن، ئاندىن ئىستىقامەتتە (يەنى توغرا يولدا) بولغانلارغا قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ يوقتۇر»**[2].

ئىستىقامەت ــ مول رىزىقنىڭ كاپالىتىدۇر. مەلۇمكى، رىزىقنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تەن ساقلىقىدۇر.

---

[1] ئەئراف سۈرىسى، 96 - ئايەت.

[2] ئەھقاف سۈرىسى، 13 - ئايەت.

## 82. ئاللاھ تائالا ھەممە ئۇچارلىقنىڭ رىزقىنى بېرىدۇ، ئەمما ئۇۋىسىغا تاشلاپ بەرمەيدۇ

بىر كۈنى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدكە كىرىپ، بىر توپ كىشىلەرنىڭ مەسجىدتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇلاردىن:

ــ سىلەر نېمە ئادەمسىلەر؟ نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئۇلار ھەممىسى بىرلىكتە:

ــ بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز. شۇڭا، مال - دۇنيا تاپىمىز دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيمىز، ئاللاھ بىزنىڭ رىزقىمىزنى ئۆزى بېرىدۇ، ــ دەپتۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بەكلا غەزەپلىنىپتۇ ۋە دەرھال قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئۇلارنى مەسجىدتىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. ئاندىن ئۇلارغا زەردە بىلەن:

ــ سىلەر تەۋەككۇلچىلەر ئەمەس، بەلكى تەييارتاپلار ئىكەنسىلەر. بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاسماندىن ھەرگىزمۇ ئالتۇن - كۈمۈش ياغمايدۇ. شۇڭا، ھېچكىم رىزىق ئۈچۈن سەۋەب قىلىشتىن توختاپ: «ئى ئاللاھ، ماڭا رىزىق بەرگىن!» دەپ ئولتۇرۇۋالمىسۇن! ــ دەپتۇ.

### ھېكمەت

ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ــ «ئۆجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇش ئەمەس، بەلكى سەۋەبلەرنى تولۇق

قىلىپ بولغاندىن كېيىن، نەتىجىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشتۇر. ئاللاھ تائالا رىزىق ئۈچۈن سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: **«(تىرىكچىلىك ئۈچۈن) زېمىننىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىدە مېڭىپ، ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار»**[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلساڭلار ئىدى، ئاللاھ سىلەرگە خۇددى قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك رىزىق بېرەتتى. قۇشلار ئەتىگەندە ئۇۋۇسىدىن ئاچ چىقىپ كېتىپ، كەچتە قورسىقى توق قايتىپ كېلىدۇ»[2].

بۇ ھەدىستىكى ئەڭ نازۇك نۇقتا شۇكى، قۇشلار ئۇۋۇسىدا ئولتۇرۇپ رىزىق كۈتمەيدۇ؛ ئەتىگەندە رىزىق ئىزدەپ چىقىپ كېتىپ، ھەرىكەت قىلىدۇ، قانات قاقىدۇ، ئەجىر قىلىدۇ. ئاندىن ئاخشىمى ئۇۋىلىرىغا قورساقلىرى توق ھالدا قايتىپ كېلىدۇ.

بۇ ھەدىستىن مەلۇم بولىدۇكى، تەۋەككۇلنىڭ بىرىنچى قەدىمى ھەرىكەت ۋە سەۋەب قىلىشتۇر.

---

[1] مۇلك سۈرىسى، 15 - ئايەت.

[2] سۈنەن تىرمىزىي، 2344 - نومۇرلۇق؛ سۈنەن ئىبنى ماجە، 4164 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 83. ئۆزىڭىزنى پەقەت ئۆزىڭىزلا قۇتقۇزالايسىز

توختى مەمەت مەھەللىدىكى ھەممە كىشى ھەۋەس قىلىدىغان، نەچچە ئون ئادەمنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان كۆزگە كۆرۈنگەن كارخانىچىلارنىڭ بىرى ئىدى. بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز كەلگەن كېلىشمەسلىك سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ زاۋۇتى ۋەيران بولۇپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بارلىق مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق يالاڭتۆشكە ئايلاندى ۋە تەرەپ - تەرەپتە لاغايلاپ، قەلەندەردەك ياشاشقا باشلىدى. بۇ مۇسىبەت ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كېلىپ، كېچىلىرى غەم - قايغۇدىن كىرپىك قاقمايدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى ئۇ مەھەللىسىدىكى بىر ئۇستازنى ئىزدەپ باردى ۋە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قانداق ۋەيران بولغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئاندىن ئۇستازدىن ئۆزىگە يول كۆرسىتىشىنى ۋە قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشىگە ياردەم قىلىشىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئۆتۈندى. ئۇستاز ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— بېشىڭىزغا كەلگەن بۇ كېلىشمەسلىكتىن بەك ئەپسۇسلاندىم. سىزگە ياردەم قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، ئەمما قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان توختى مەمەتنىڭ چىرايى تاتىرىپ:

ئەجەبا، مېنىڭ راستتىنلا چىقىش يولۇم قالمىغانمىدۇ؟ — دېدى.

ــ ئۇستاز بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ گەرچە مەن سىزگە ياردەم قىلىشقا ئامالسىز بولساممۇ، لېكىن سىزگە ياردەم قىلالايدىغان بىر ئادەمنى تونۇشتۇرۇپ قويالايمەن، ئۇ سىزنىڭ قەد كۆتۈرۈشىڭىزگە ياردەم قىلىدۇ، ــ دېدى.

ــ ئۇ كىم؟ ئۇ راستتىنلا مېنىڭ قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشۈمگە ياردەم قىلالامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى توختى مەمەت تەئەججۈپ بىلەن.

ئۇستاز توختى مەمەتنى چوڭ بىر ئەينەكنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى ۋە ئەينەكتىكى توختى مەمەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ قاراڭ، مېنىڭ سىزگە تونۇشتۇرماقچى بولغىنىم مۇشۇ كىشى. پەقەت مۇشۇ كىشىلا سىزنى قايتا قەد كۆتۈرگۈزەلەيدۇ. شۇڭا، سىز بۇ كىشىنى ئوبدان تونۇشىڭىز كېرەك. شۇندىلا، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلەيسىز، ــ دېدى.

توختى مەمەت ئەينەكتىكى ئۆزىگە ئەستايىدىللىق بىلەن سەپ سالدى. ئۆزىنىڭ بىچارە، ئۈمىدسىز قىياپىتىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئۇھ تارتتى.

ئەتىسى ئۇ ئۇستازنىڭ ئالدىغا يەنە كەلدى. ئۇ تۈنۈگۈنكى ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. قەدەملىرى تېتىك، كۆزلىرى ئۈمىدتىن چاقناپ تۇراتتى. ئۇ:

ــ رەھمەت ئۇستاز، سىز مېنى قايتىدىن ئۆزۈمگە تونۇتتىڭىز، ماڭا ھەقىقىي «مەن»نى كۆرسەتتىڭىز. مەن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئاخىر بىلىۋالدىم، ــ دېدى.

### ھېكمەت

ئىنساننى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ چوڭ سەۋەبكار ــ شۇ ئىنساننىڭ ئۆزىدۇر. باشقىلار سىزگە يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ،

ئەمما ئاشۇ يولدا ماڭىدىغىنى، ئورنىدىن دەس تۇرىدىغىنى يەنىلا ئۆزىڭىز. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «**ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئىشنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ**»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ئۈممىدىسىزلەنمەسلىككە، تىرىشىشقا ئۈندەپ مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشقىن، ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن، بوشاڭلىق قىلمىغىن»[2].

---

[1] نەجم سۈرىسى، 39 - ئايەت.

[2] سەھىھ مۇسلىم، 2664 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 84. چىرايلىق سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ

مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر كونا ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ياشايدىغان بىر موماي بولۇپ، بىر كېچىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىدۇ. ئۇ ئوغرى شۇ ئەتراپتا خەلقنى تەشۋىشكە سالغانلىقى ۋە شەپقەتسىزلىكى بىلەن تونۇلغان. شۇڭا خەلق تەرىپىدىن «تاش يۈرەك» دەپ ئاتالغان قاراقچى ئىدى.

قاراقچى قوپاللىق بىلەن مومايىنى ئۆيىدىكى بارلىق قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە مومايغا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ تەھدىت سالىدۇ. موماي قورقۇپ يىغلاش ياكى ۋارقىراشنىڭ ئورنىغا، ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، قاراقچىنىڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق بىر مېھرىبانلىق بىلەن قارايدۇ، ئاندىن يۇمشاق ئاۋازدا مۇنداق دەيدۇ:

—ئوغلۇم، بۇ كېچىدە قورسىقىڭ ئاچقان بولسا كېرەك، كۆزلىرىڭدىن كۆپ چارچىغانلىقىڭ ۋە ئارام ئېلىشقا تەشنا ئىكەنلىكىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭ بۇ پېقىر خانەمدە سەن ئىزدەيدىغان ئالتۇن-كۈمۈشلەر يوق، ئالدى بىلەن بىر پىيالە ئىسسىق چاي ئىچىپ، قورسىقىڭنى تويغۇزۇۋالغىن. قالغان ئىشنى ئاندىن ئويلاشقىن.

قاراقچى ئۆمرىدە بىرىنىڭ ئۆزىگە بۇنداق سىلىق، يۇمشاق ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن «ئوغلۇم» دەپ خىتاب قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. چۈنكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەمىشە نەپرەت قارايتتى ۋە ھېچكىم چىرايلىق سۆز قىلمايتتى.

موماي ئاستا بېرىپ ئوچاقتا ئوت ياقىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا قاراقچىنىڭ

ئالدىغا تاماق قويىدۇ. تاماقنى قويۇۋېتىپ، يۇمشاق ئاۋازدا مۇنداق دەيدۇ:

ــ ئوغلۇم، كىشىلەر سېنى شەپقەتسىز دەيدىكەن، ئامالسىزلىقتىن بۇ يولغا كىرىپ قالغىنىڭنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. چۈنكى سەندەك بىر يىگىتنىڭ قەلبىدە چوقۇم ياخشىلىق بار. سەن ئەسلىدە يامان ئادەم ئەمەسسەن.

بۇ يۇمشاق، سەمىمىي ۋە مېھرىبانلىققا تولغان سۆزلەر قاراقچىنىڭ يىللاردىن بۇيان تاشتەك قېتىپ كەتكەن يۈرىكىگە يامغۇردەك قۇيۇلىدۇ. ئۇ ئېغىزىغا سالغان بىر چىشلەم ناننى يۇتالمىغاندەك بولۇپ، قولىدىكى قورالىنى يەرگە تاشلايدۇ-دە، بۇلۇقلاپ يىغلاپ كېتىدۇ.

ئۇ كېچە قاراقچى ھېچقانداق نەرسە ئوغرىلىمايدۇ. ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ مومايىنىڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ: ــ ئانا، سىزنىڭ بۇ ئىللىق سۆزلىرىڭىز مېنىڭ كۆزۈمنى ئېچىۋەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالغىنىكەنمەن، ــ دەيدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ يامان يولدىن يېنىپ، ھالال ئەمگەك بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان، كىشىلەرگە ياردەم بېرىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان ئۆلگىلىك بىر مۇسۇلمانغا ئايلىنىدۇ.

## ھېكمەت

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ بۇيرۇغان: **«(سەن يامانلىققا ئەڭ ياخشى خىسلەت بىلەن تاقابىل تۇرغىن. (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ».**

ئەجدادلىرىمىز «چىرايلىق سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغان. چۈنكى، قورال، كۈچ ياكى تەھدىت ئادەمنىڭ تېنىنى بويسۇندۇرالىشى مۇمكىن، ئەمما قەلبىنى بويسۇندۇرالىشى ناتايىن. جازا ۋە قاتتىق قوللۇق بىلەن ئۆزگەرتەلمىگەن تاش يۈرەكلەرنى چىن قەلبتىن چىققان، يۇمشاق ۋە چىرايلىق سۆزلەرلا ئېرىتەلەيدۇ.

# 85. ئەمەل - ئىبادەتنى قىلىپ قويۇشلا يېتەرلىك ئەمەس، ئۇنى ساقلاپ قېلىش مۇھىم

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇرۇۋېتىپ، ئۇلاردىن:

ـ كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ـ ھېچقانداق مال – مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى دەيمىز، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ (دۇنيادا) بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى شۇ ھەق ئىگىلىرىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ (ئۈستىدىكى ھەقلەر تۆلىنىپ بولغۇچە) ياخشى ئەمەللىرى تۈگەپ قالسا، ھەق ئىگىلىرىنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىدۇ ـ دە، ئاندىن دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر، ـ دېدى[1].

[1] سەھىھ مۇسلىم، 2581 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## ھېكمەت

ياخشى ئەمەل قىلىش قانچىلىك مۇھىم بولسا، ئۇنىڭ ساۋابىنى زايە قىلىۋەتمەي ساقلاپ قېلىشمۇ شۇنچە مۇھىم. چۈنكى، ئاخىرەتتە بىزگە ئەسقاتىدىغىنى پەقەتلا دۇنيادا قىلىپ قويغان ئەمەللىرىمىزلا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا سالامەت ئېلىپ بارغان ئەمەللىرىمىزدۇر. شۇڭا، ئەمەل - ئىبادەت قىلىپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماي ساقلاپ قېلىشمۇ ناھايىتى مۇھىم.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **«كىمكى (دەرگاھىمىزغا) بىرەر ياخشىلىق بىلەن كەلسە، ئۇن ھەسسە ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ»**[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالا: «كىمكى بىرەر ياخشىلىق قىلسا» دېمىدى، بەلكى «بىرەر ياخشىلىق بىلەن كەلسە» دېدى. بۇ ئايەت ئەمەللەرنىڭ پەقەت سانىلا ئەمەس، بەلكى ئاخىرەتكە سالامەت ئېلىپ بېرىلغىنى ھېسابقا ئېلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

[1] ئەنئام سۈرىسى، -160 ئايەت.

## 86. ئەقىدە مەنپەئەتكە باغلانغان چاغدا، ئۇ ئۆز كۈچىنى يوقىتىدۇ

بىر مەھەللىنىڭ ئىمامى كىشىلەرنىڭ بىر تۈپ دەرەخكە تىلەكلىرىنى ئېسىپ، پەرزەنتلىك بولالمىغانلىرى پەرزەنت، يوقسۇللىرى پۇل - مال تىلەپ، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە ياتىدىغان قىلمىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىدىن بەك ئەپسۇسلىنىدىكەن. ئىمام كىشىلەرنى نەچچە قېتىم بۇ يامان ئىشتىن توسقان بولسىمۇ، ئۇلار ئىمامنىڭ سۆزىنى تىڭشىماي، شېرىك قىلمىشلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. ئىمام كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىرى كىشىلەر تىلەك تىلەيدىغان ئاشۇ دەرەخنى كېسىپ تاشلاش قارارىغا كەپتۇ.

ئىمام پالتىسىنى ئېلىپ غەزەپ بىلەن دەرەخ تەرەپكە كېتىۋاتقاندا، شەيتان ئادەم سۈرىتىدە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— ھەي ئىمام، نەگە كېتىپ بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىمام:

— ئىنسانلار تىلەك تىلەيدىغان ئاشۇ دەرەخنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپ، يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شەيتان ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— نېمە قىلىسەن كىشىلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ؟ دەرەخنى كەسسەڭ، كىشىلەر سېنى يامان كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ قارارىڭدىن ۋاز كەچكىن، — دەپتۇ. ئىمام:

— ياق! مەن ئۇ دەرەخنى كېسىپ تاشلىمىغۇچە توختىمايمەن.

يولۇمنى توسماي، مەندىن يىراق تۇر! ــ دەپتۇ. ئەمما، شەيتان ئىمامنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ:

ــ دەرەخنى كەسمەيسەن. كىشىلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايسەن، ــ دەپ، ئىمامنىڭ يولىنى توسۇۋاپتۇ. ئىمام شەيتان بىلەن بىر مەھەل ئېلىشىپ، ئاخىرى ئۇنى ئاستىغا بېسىۋاپتۇ. ئاندىن شەيتانغا:

ــ يولۇمدىن يىراق تۇر! ــ دەپتۇ. ئەمما، شەيتان يەنە پەيلىدىن يانماي:

ــ ھەي ئىمام، بولدى! سەن مېنى بۇ قېتىم يېڭىۋالدىڭ. كەل! بىر كېلىشەيلى: ساڭا ھەر كۈنى ئىككى تىللا بېرەي، دەرەخنى كەسمىگىن، كىشىلەرنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكىن. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ ــ دەپتۇ. ئىمام ئازراق ئويلىنىۋېلىپ:

ــ بولدى، كېلىشتۇق ــ دەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

راست دېگەندەك، ھەر ئەتىگىنى ئىمامنىڭ ياستۇقى ئاستىغا ئىككى تىللا قويۇلۇپتۇ. ئىككى ئاي ئەھۋال شۇنداق داۋاملىشىپتۇ. بىر كۈنى قارىسا، ياستۇق ئاستىدا تىللا يوق. ئىمام «ئەتە قويار بەلكىم» دەپ كۈتۈپتۇ. ئەمما، ئەتىسىمۇ يوق، ئۈنىڭ ئەتىسىمۇ يوق. ئىمام تازا جىلە بولۇپ، پالتىسىنى ئېلىپ، يەنە دەرەخ تەرەپكە ئۇچقاندەك مېڭىپتۇ. ئىمامنى كۆرگەن شەيتان ئېتىلىپ كېلىپ، ئىمامنىڭ يولىنى توسۇپ، نېمە بولدى؟ ئەجەب تېز كېتىۋاتىسەنغۇ! ــ دەپتۇ. ئىمام دەرەخنى كەسكىنىم كەسكەن. سەنمۇ سۆزۈڭدە تۇرمىدىڭ، تىللالار توختاپ قالدى، ــ دەپتۇ. شەيتان:

ــ ئەمدى ساڭا تىللا يوق! دەرەخنىمۇ كەسمەيسەن. يامان بولساڭ كەل، ئېلىشىپ باقايلى! ــ دەپتۇ. ئىمام شەيتان بىلەن ئېلىشىپتۇ. ئەمما، بۇ قېتىم شەيتان ئۇنى ئاسانلا يېڭىۋېلىپ، ئاستىغا بېسىۋاپتۇ. ئىمام ھەيران بولۇپ:

ــ ھەي شەيتان! ئۆتكەن قېتىم سېنى يېڭىۋالغان ئىدىم. بۇ قېتىم ئەجەب ساڭا يېڭىلىپ قالدىمىيا؟ ــ دەپتۇ. شەيتان قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ:

ــ ھەي ئىمام! ئۆتكەن قېتىم سەن ئەقىدەڭ ئۈچۈن ئىلىشقان ئىدىڭ، شۇڭا مېنى يېڭىۋالغانتىڭ. ئەمدى بولسا، تىللا ئۈچۈن ئېلىشتىڭ، شۇڭا ماڭا يېڭىلىپ قالدىڭ، ــ دەپتۇ.

## ھېكمەت

ئەقىدە ــ ئىنسان قەلبىنىڭ يىلتىزى، ئۇنى ھەرقانداق بوران - چاپقۇنلاردا يىقىلىشتىن ساقلاپ قالىدىغان ئەڭ كۈچلۈك تايانچىدۇر. ئەقىدە شۇنداق بىر كۈچكى، ئۇ قاراڭغۇ زۇلمەتلەرنى يورۇتالايدۇ، بارلىق توساقلارنى ئېچىپ تاشلىيالايدۇ، ئىنسانغا پۈتۈن دۇنيانىڭ قارشىسىدا تىك تۇرغۇدەك جاسارەت ۋە شىجائەت بېرەلەيدۇ. ماددىي كۈچ پۇختا سېپىللارنى ۋەيران قىلالايدۇكى، مۇستەھكەم ئەقىدىنى بۇزالمايدۇ. ئەمما، ئەقىدە مەنپەئەتكە باغلانغاندا، مەنپەئەت ئالدىدا مەغلۇپ بولغاندا، كۈچىنى يوقىتىدۇ.

شۇڭا دەيمىزكى، ساپ ئەقىدە ــ پەقەت بىر چۈشەنچىلا ئەمەس، بەلكى ئىنساننى ئىنسان قىلىپ تۇتۇپ تۇرىدىغان، ھاياتنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدا مۆجىزىلەرنى يارىتىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئېنېرگىيەدۇر.

## 87. باشقىلارنى دورىماڭ!

بىر كۈنى پىسخولوگ سولومون ئاشىس[1] ئىنسانلار ئۈستىدە مۇنداق بىر تەجرىبە ئېلىپ باردى: سەككىز كىشىنى ئايرىم - ئايرىم چاقىرىپ، ھەربىرىگە بىرى بىر مېتىر، يەنە بىرى بىر مېتىردىن قىسقىراق ئىككى ياغاچنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ بۇ ئىككى ياغاچ تەڭمۇ؟ ــ دەپ سورايدۇ. ئەسلىدە يەتتە كىشى ئۆزىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، سەككىزىنچى كىشىلا بۇ پىلاندىن خەۋەرسىز كىشى ئىدى. يەتتە كىشىنىڭ ھەربىرى «تەڭمۇ؟» دېگەن سوئالغا:

ــ ھەئە، تەڭ، ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سەككىزىنچى كىشىمۇ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

ــ ھەئە، تەڭ، ــ دەپ جاۋا بېرىدۇ.

سولومون ئاشىس ئۇ كىشىدىن:

ــ سىز نېمىشقا تەڭ ئەمەس ئىككى ياغاچنى تەڭ دەيسىز؟ ــ دەپ سورىغاندا، ئۇ كىشى:

ــ ھەممە كىشى تەڭ دېگەندىكىن، مەنمۇ شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن، ــ دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ.

### ھېكمەت

ئىسلام دىنىمىز ئەقىل ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىشقا، باشقىلارغا

[1] سولومون ئاشىس ــ ئامېرىكىلىق پىسخولوگ (1907 - 1996).

قارىغۇلارچە ئەگەشمەي ئىشلارنى مۇستەقىل مۇھاكىمە قىلىشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، ئەقىلنى ئىشلەتمەي، باشقىلارنى دورىغان كىشىلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن: **«ھەر قاچان ئۇلارغا: ‹ئاللاھنىڭ نازىل قىلغانلىرىغا ئەگىشىڭلار› دېيىلسە، ئۇلار: ‹ياق، بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان نەرسىگە ئەگىشىمىز› دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەقىلنى ئىشلەتمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، (يەنە شۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟)»**[1].

شۇڭا، ئىنساندا مۇستەقىل تەپەككۇر، ھەقنى تونۇيدىغان ئەقىل ۋە ئىمان بولۇشى ناھايىتى مۇھىم.

[1] بەقەرە سۈرىسى، 170 - ئايەت.

## 88. ياخشىلىق قىلىش ئادىمىلىكتۇر

بىر دانىشمەن دېڭىز بويىدا ئولتۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ دېڭىز ۋە ئەتراپتىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا، بىر چايان ئۆمىلەپ كېلىپ، دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىدۇ. چايان ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۇ ئېقىمىغا قارشى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۈزگەن بولسىمۇ، سۇدىن چىقالمايدۇ.

بۇنى كۆرگەن دانىشمەن چايانغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزىتىدۇ، لېكىن چايان ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋالىدۇ. دانىشمەنىنىڭ ئاغرىققا چىدىماي قولىنى سىلكىشى بىلەن چايان يەنە سۇغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بىر پەستىن كېيىن، دانىشمەن چايانىنى يەنە قۇتقۇزماقچى بولۇپ، قولىنى ئۇزىتىدۇ. بۇ قېتىممۇ چايان يەنە ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋالىدۇ. شۇنداقتىمۇ دانىشمەن ئۇنى قۇتقۇزۇشتىن ۋاز كەچمەيدۇ.

دانىشمەنىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى يىراقتىن كۆزىتىپ ئولتۇرغان بىر يىگىت دانىشمەنىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سىز نېمانداق ئىبرەت ئالمايدىغان ئادەم؟ ئىككى قېتىم قولىڭىزنى چېقىۋالغان چايانىنى يەنە قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆزىڭىزگە زىيان يەتكۈزەمسىز؟ — دەيدۇ. ئەمما، دانىشمەن يىگىتنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي، يەردىن بىر تال يوپۇرماقنى ئېلىپ، چايانغا ئۇزىتىدۇ ۋە ئاخىرى ئۇنى سۇدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، دېڭىز بويىغا قويۇپ بېرىدۇ. ئاندىن يىگىتنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ:

ــ ئەي ئوغلۇم! چايانىڭ خاراكتېرى ــ چېقىش، مېنىڭ خاراكتېرىم ــ مېھرىبانلىق ۋە ياردەم قىلىش تۇرسا، مەن قانداقمۇ ئۆزۈمنىڭ خاراكتېرىنى چايانىڭ خاراكتېرىگە بويسۇندۇرىمەن؟ ــ دەيدۇ.

## ھېكمەت

باشقىلارنىڭ ناچار مۇئامىلىسى ياكى يامانلىقىنى دەپ ئۆز خاراكتېرىڭىزدىن، ئەخلاق - پەزىلىتىڭىزدىن ۋاز كەچمەڭ. قۇرئان كەرىم ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ: **«ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ (باشقىلارغا) ياخشىلىق قىلغىن»**[1] دېگەن. ياخشىلىق قىلىش ئىنسانغا خاس ئەڭ ئېسىل خىسلەت بولۇپ، ئىنسانلار بىر - بىرىگە ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ھاياتنىڭ تەمىنى تېخىمۇ ياخشى تېتىيدۇ ۋە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدۇ. ئېسىل كىشىلەر باشقىلار قانداق مۇئامىلە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ياخشىلىق قىلىدۇ.

[1] قەسەس سۈرىسى، 77- ئايەت.

## 89. تەقۋالىق بارلىق قىيىنچىلىقلاردىن چىقىش يولىدۇر

بىر كۈنى بىر ياش شەھەرنىڭ ئەڭ كاتتا ئۆلىماسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆز ھالىدىن شىكايەت قىپتۇ:

– مەن مۇشۇ شەھەردىكى بىر كىبىم - كېچەك دۇكىنىدا ئىشلەيمەن. يېشىم ئوتتۇزغا يېقىنلاپ قالدى، يا تۈزۈكرەك پۇل يىغالمىدىم ياكى ھازىرغىچە ئۆيلىنەلمىدىم. ماڭا بىر چىقىش يولى كۆرسەتكەن بولسىلىكەن. ئۆلىما ياشقا ئوبدان بىر سەپسېلىپ قارىۋېتىپ:

– تەقۋالىق قىلغىن، يەنى ئاللاھتىن قورققىن! – دەپتۇ.

ياش ئۆلىمانىڭ يەنە قانداق تەۋسىيەسى باركىن؟ دەپ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما ئۆلىما باشقا ھېچ نەرسە دېمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى ياش تۆۋەن ئاۋازدا:

–ئەمىسە، مەن قايتايمىكىن، – دەپتۇ. ئۆلىما:

– بولىدۇ، قايتقىن، ئاللاھتىن قورققىن! – دەپتۇ.

ياش بۇ قىسقا تەۋسىيەگە ئانچە قايىل بولمىغان ھالدا قايتىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە:

– مەن ئاللاھتىن قورقمەنغۇ، ئىبادەتلىرىمنى ۋاقتىدا ئادا قىلىۋاتىمەن، گۇناھ ۋە ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇۋاتىمەن. تەقۋا بولۇش ئۈچۈن يەنە نېمە قىلىشىم كېرەك بولغىيتى ئەمدى؟ – دېگەن سوئاللارنى قويۇپتۇ.

ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، كۆپ ئويلىنىپ، «تەقۋالىق دېگەن نېمە؟ قانداق قىلغاندا ئاللاھتىن ھەقىقىي قورققان بولىدۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلاپتۇ. شۇ ماۋزۇدىكى كىتابلارنى ئوقۇپتۇ. ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا، «تەقۋالىق – دىن ۋە دۇنيالىق ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش كۆرۈش، ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ، جان - دىل بىلەن قىلىش، ھەركىمگە دۇرۇس ۋە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىشتۇر» دېگەننى چۈشىنىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ھاياتىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپتۇ. دۇكاننىڭ خوجايىنى ئۇ ياشتىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭ تاڭ سەھەردە كېلىپ دۇكاننى ئېچىشى، دۇكاندىكى ماللارغا خۇددى ئۆزىنىڭ مىلىدەك كۆڭۈل بۆلۈشى، ناماز ۋە تاماق ۋاقىتلىرىدىمۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ پىلانلىق ئىش كۆرۈشى، خېرىدارلارغا بولغان سەمىمىيلىكى خوجايىننى بەكمۇ قايىل قىپتۇ.

بىر كۈنى خوجايىن ئۇنىڭغا:

– ساڭا بىر ئىشتا مەسلىھەت سالغۇم بار. قىزىمغا دۇكاننىڭ ئۈستىدىكى ئۆيلەردىن بىرنى تەييارلاپ بېرەي دېگەنتىم. سەنچە قايسى ئۆينى تۇتساق ياخشى بولار، – دەپتۇ. ياش:

– خوجايىن، مەن ئۇ ئىشلارنى بەك بىلىپ كەتمەيمەن. مېنىڭچە بولسا، كۈنگەي تەرەپتىكى ئۆينى تۇتسىلا بولامدۇ؟ – دەپتۇ. خوجايىن شۇنداق قىپتۇ.

خوجايىن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، يەنە ئۇ ياشقا:

– ئەمدى، ئاشۇ ئۆينى جابدۇش كېرەك ئىدى. مەن بىلەن بىللە بارساڭ، ئۆي ئەشيالىرىنى بىللە تاللىساق، – دەپتۇ. ياش كەمتەرلىك بىلەن:

– خوجايىن، ئۆي ئەشيالىرىنى ئۆزلىرى مەندىن ئوبدانراق بىلىلا،

ئەگەر بېرىشىپ بەرگىن دېسىلە باراي، ئەمما مېنىڭ تەكلىپ بەرگۈدەك تەجرىبەم يوق، ــ دەپتۇ. خوجايىن:

ــ بىللە بارايلى، بەلكى ياخشى نەرسىلەرنى تاللىشىمغا ياردىمىڭ تېگىپ قالار. بولدى، كەتتۇق، ــ دەپتۇ

ئۇلار ئۆي ئەشيالىرى دۇكىنىغا بېرىپتۇ. خوجايىن قانداق بىر نەرسىنى تاللىسا، ئاۋۋال شۇ ياشنىڭ پىكرىنى ئاپتۇ. توغرىسى، ئالىدىغان ئەشيالارنى ئۇ ياشقا تاللىتىپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، خوجايىن ياشنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىپتۇ. تاماقتىن كېيىن، ياشنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ ئوغلۇم! مەن سېنى بىر قانچە ئايدىن بېرى كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن. سەندىكى دۇرۇسلۇق مېنى قايىل قىلدى. سېنى ئۆزۈمگە بالا قىلىۋېلىشنى ئويلىدىم. قىزىمنى كۆرگىن، ئەگەر ساڭا يېقىپ قالسا، تويۇڭلارنى قىلىپ قوياي، ــ دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ياش ھەيرانلىقتىن قېتىپ قاپتۇ. ئېغىزى گەپكە كەلمەي ئارانلا:

ــ خو خو خوجايىن! چاقچاق قىلمىسلا، مەن ئاددىي بىر خىزمەتچى، ئۆزلىرى كاتتا باي تۇرسىلا. مەن ئۆزلىرىگە قانداق لايىق كېلىمەن؟ ــ دەپتۇ. ئەمما خوجايىن كەسكىنلىك بىلەن:

ــ سەندە مەندە بولمىغان قىممەتلىك بىر بايلىق بار. ئۇ بولسىمۇ تەقۋالىقتۇر. مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك. ئەگەر ياقتۇرساڭ، قىزىمنى ساڭا بەردىم. دۇكانىنىڭ ئۈستىدىكى قەۋەتلەردىن ئۆي تاللاش، ئۆينى جابدۇش، ئەشيا ئېلىش قاتارلىق ئىشلاردا سېنى تاللىغىلى سىلىشىمنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆينى ئىككىڭلار ئۈچۈن تەييارلىغان ئىدۇق، ــ دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ تويى بولۇپ، ئىنتايىن بەختلىك بىر ھاياتقا ئېرىشىپتۇ.

ئاردىن ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خوجايىن ئالەمدىن ئۆتتۈپتۇ. خوجايىنىنىڭ بايلىقى، ئۆي - ئىمارەتلىرى ۋە ھەممە نەرسىسى شۇ يالغۇز قىزىغا مىراس قاپتۇ. ئەر - ئايال ئىككىسى بەختلىك ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

## ھېكمەت

تەقۋالىق ـ ناماز، روزا، ھەج قاتارلىق ئىسلام پەرزلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئىنسانىنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى، ئامانەتدارلىقى، ئىنسانلارنىڭ ھەقلىرىگە ۋە شەرىئەتنىڭ ھالال - ھارام ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلىشى قاتارلىق كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، قىيىن ئىشلىرىنى ئاسان، مۇشكۇللىرىگە چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: **«كىمكى ئاللاھتىن تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ، ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ»**[1] دەپ كۆرسەتكەن. يۇقىرىقى قىسسىدىكى ياش بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلىپ، تەقۋالىقنىڭ مۇكاپاتىنى كۆردى.

[1] تەلاق سۈرىسى، 3 - ئايەت.

## 90. خىلۋەت سىزنى يا كۆتۈرىدۇ ياكى ھالاك قىلىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

– مەن قىيامەت كۈنى تىھامە[1] تېغىدەك كاتتا ئەمەللەر بىلەن كەلسىمۇ، ئاللاھ ئەمەللىرىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىۋېتىپ، ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەرنى بىلىمەن؟

– دېۋىدى، سەۋبان :

– ئى رەسۇلۇللا! بىزگە ئۇلارنى سۈپەتلەپ بەرسىلە، ئۇلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسىلە، ئۆزىمىزمۇ تۇيماستىن ئۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالمايلى، – دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

– ئۇلار سىلەرنىڭ دىنداش، ئىرقداش قېرىنداشلىرىڭلار. ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش كېچىلىرى ئىبادەت قىلىدۇ، لېكىن يالغۇز قالغاندا بولسا، ھارام ئىشلارنى قىلىدۇ، – دېدى[2].

ھارام – يېمەك-ئىچمەكتە بولسۇن، ياكى گەپ – سۆزدە ياكى مۇئامىلىدە ۋەياكى ئىش-ھەرىكەتتە بولسۇن، ئاللاھ تائالا قەتئىي چەكلىگەن ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

[1] تىھامە – سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بىر تاغنىڭ نامى.

[2] سۇنەن ئىبنى ماجە، 4245 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## ھېكمەت

خىلۋەت ـ تەقۋالىقنىڭ ئەينىكىدۇر. ئىنسان خىلۋەتتە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئاشكارىلايدۇ. ھەقىقىي تەقۋادار، ئىخلاسمەنلەر كىشىلەر خىلۋەتتىمۇ، كىشىلەر ئالدىدىمۇ بىر خىل تۇرىدۇ. كىشىلەر ئالدىدا تەقۋادار كۆرۈنۈپ، خىلۋەتتە گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە چۆكۈپ كەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە **«رەببىڭنى يىلىنغان ۋە قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن»**[1] دېگەن.

خىلۋەتتىمۇ ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇماسلىق ۋە ئۇنىڭغا سەمىمىي باغلىنىش ئىنساننى يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ.

بەزى ئىنسانلار باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ، كىشىلەر ئالدىدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ ـ يۇ، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق خىلۋەتتە گۇناھلارنى قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئاللاھ تائالانىڭ جازالىشىدىن قورققاندىنمۇ بەكرەك قورقىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **«ئۇلار (قىلمىشلىرىنى) ئىنسانلاردىن يوشۇرالىغىنى بىلەن ئاللاھ تائالادىن يوشۇرالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلار بىلەن بىللىدۇر»**[2].

---

[1] ئەئراف سۈرىسى، 205 - ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى، 108 - ئايەت.

## 91. ھارامدىن ھۇزۇر ئىزدىگەن كىشى ھۇزۇردىن مەھرۇم بولىدۇ

قەدىمكى زاماندا، يىپەك يولى بويىدىكى ئاۋات بىر شەھەردە، دۇنيالىق تىجارەتتە تەلەيلىك، ئەمما نەپسىگە قۇل بولغان توختى ئىسىملىك بىر سودىگەر ياشايدىكەن. ئۇنىڭ ھاياتتىكى بىردىنبىر غايىسى ــ تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئېرىشىش ئىكەن. ئۇ پۇل تېپىشتا ۋە دۇنيانىڭ لەززەتلىرىنى تېتىشتا ھېچقانداق چەك - چېگرا تونۇمايدىكەن. ئۆزىگە پايدىلىق دەپ قارىسا، باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىشتىن، يالغان سۆزلەش ۋە ھىيلە ئىشلىتىش دېگەندەك ھارام يوللار بىلەن پۇل تېپىشتىن ھەرگىز يانمايدىكەن.

توختى ئۆزىگە ئەڭ ئېسىل يىپەك ۋە زۇمرەتلەر بىلەن بېزەلگەن ھەشەمەتلىك بىر ساراي سالدۇرۇپتۇ. سارايىنىڭ ئىچىدە ئەڭ لەززەتلىك شارابلار، تۈرلۈك نازۇ -نېمەتلەر ۋە كۆڭۈل ئاچىدىغان نەرسىلەر ئۈزۈلمەيدىكەن. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ساراي جەزبىدارلىقىنى يوقىتىشقا باشلاپتۇ. توختى داستىخاندىكى ئېسىل تائاملاردىنمۇ ھېچقانداق ھۇزۇر ئالالمايدىغان، ياتىدىغان تۆشەكلىرىمۇ تىكەنلىك، قاتتىق يەردەك بىلىنىپ، كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

توختى يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە زۇلۇم دېگەندەك ھارام يوللار بىلەن تېخىمۇ كۆپ «خۇشاللىق» ئىزدىگەنچە، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قاراڭغۇلۇق ۋە بىئاراملىق تېخىمۇ كۈچىيىپ بېرىپتۇ. كۆڭلى سىقىلىپ، كەڭ دۇنيا كۆزىگە تار كوچىدەكلا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى توختى شەھەر سىرتىدىكى بىر كۆل بويىدا، چىرايىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي بىر پارچە قۇرۇق ناننى سۇغا چىلاپ، شۇنداق خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك بىلەن يەۋاتاتتىكى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى ھۇزۇرنى توختى ئۆزىنىڭ نەچچە مىليون تىللالىق سارىيىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن.

توختى چىداپ تۇرالماي بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ دەردىنى تۆكۈپتۇ:

— ئەي بوۋا! مېنىڭ يېمىگەن لەززەتلىك تائاملىرىم، كىيمىگەن ئېسىل كىيىملىرىم، ئېتىمىغان نازۇ - نېمەتلىرىم قالمىدى. ھۇزۇر ۋە خۇشاللىق ئۈچۈن بارلىق بايلىقىمنى سەرپ قىلغان بولساممۇ، كۆڭلۈم بىردەممۇ ئارام تاپمىدى. سىز بولسىڭىز، بىر پارچە قۇرۇق نان بىلەن شۇنچە خاتىرجەم ۋە خۇشال ئولتۇرۇپسىز، بۇنىڭ سىرى نېمە؟

— ئەي ئوغلۇم! ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك كاتتا نېمەتتۇر. نېمەت ھالال يول بىلەن كەلگەندىلا بەرىكەتلىك بولىدۇ، خۇشاللىق بېرىدۇ. سەن ئۇ پۇللارنى كىملەرنىڭ ھەققىنى يەپ، كىملەرنىڭ يولىنى توسۇپ، قانداق ھارام يوللار بىلەن تاپتىڭ؟ سەن نەپسىڭنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ بېكىتكەن چەك - چېگرالارنى دەپسەندە قىپسەن. ئاللاھ بېكىتكەن قانۇنىيەتتە، ھارامدىن ھۇزۇر ئىزدىگەن كىشى ھۇزۇردىن مەھرۇم بولىدۇ. سەن شۇ ھارام بىلەن نەپسىڭنى قاندۇرۇپسەن، ئەمما روھىڭنى زەھەرلەپ بالاغا تىقىپسەن. ھالال قانچىلىك ئاز بولسىمۇ خۇشاللىق بېرىدۇ، ھارام قانچىلىك كۆپ بولسىمۇ پۇشايمان كەلتۈرىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي توختىغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن.

### ھېكمەت

بەزى كىشىلەر باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، ھەققىنى

يەپ ئوڭاي يول بىلەن پۇل تاپماقچى بولىدۇ؛ يەنە بەزىلەر باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشتىن ھۇزۇرلانماقچى بولىدۇ. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئىككى سۈرىسىدە «ۋاي ئۇلارنىڭ ھالىغا!» دېگەن قاتتىق كايىش بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان كىشىلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: **«ھەربىر كەمستكۈچى، غەيۋەتخورنىڭ ھالىغا ۋاي!»**[1]. **«(ئۆلچەم ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!»**[2].

ھارام دېيىلگەن ھامان كۆپىنچىمىزنىڭ يادىغا يېمەك - ئىچمەكتىكى ھاراملا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ تائالا چەكلىگەن قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى ھارام كاتېگورىيەسىگە كىرىدىغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ پۇل - مېلىنى ئوغرىلاش، ئالداپ ئېلىۋېلىش، ناھەق يەۋېلىش، ئابرۇيىنى تۆكۈش، تۆھمەت قىلىش، سودىسىنى بۇزۇش، ماددىي ياكى مەنىۋى تەرەپتىن زىيان ئۇرۇش قاتارلىق يامانلىقلارنىڭ ھەممىسى شەرئەتتە ھارامدۇر.

ھارام يېگەن كىشىنىڭ ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ، دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم يىراق سەپەرگە چىقىپ، چاچلىرى چۇۋۇق، ئۈستىبېشى چاڭ - توزان ھالدا قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: ‹ئى رەببىم! ئى رەببىم!› دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ يېگىنى ھارام، ئىچكىنى ھارام، كىيگىنى ھارام ۋە ھارام بىلەن ئوزۇقلانغان تۇرسا، دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن؟»[3].

ھارامغا پاتقان كىشى ئاللاھتىن ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھۇزۇر، خاتىرجەملىك ۋە سائادەت تارتىۋېلىنىدۇ.

---

[1] ھۇمەزە سۈرىسى، -1 ئايەت.

[2] مۇتەففىفىن سۈرىسى، -1 ئايەت.

[3] سەھىھ مۇسلىم، 1015 - نومۇرلۇق ھەدىس.

# 92. ئازابنى كۆچكە ئايلاندۇرۇڭ!

كىچىك ئەھمەد تاغىسى ئاتاقلىق ئالىم ئىمام مۇزەنىينىڭ مەدرىسەسىدە تالىپ ئىدى. ئۇ دەرسلەرنى چۈشىنىشتە ۋە تېكىستلەرنى يادلاشتا زور قىيىنچىلىق تارتاتتى. ئىمام مۇزەنىي بولسا ناھايىتى ھوشيار، زېھنى ئوچۇق كىشى بولۇپ، ئەھمەدنىڭ ئەھۋالىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىناتتى. بىر كۈنى كىچىك ئەھمەد ساۋاقنى ئۆتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ، يادلاشقا بېرىلگەن تېكىستلەرنىمۇ يادلىماي كېلىدۇ. ئىمام مۇزەنىي بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن ھەرگىز ئالىم بولالمايسەن، ــ دەپ تاشلايدۇ. بۇ گەپ كىچىك ئەھمەدكە قاتتىق ئېغىر كېلىپ، قەلبىنى ئازابلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تاغىسىنىڭ مەدرىسەسىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئەھمەد بىر مەزگىلدىن كېيىن مىسىر قازىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئەبۇ ئىمراننىڭ مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. تاغىسىنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزى ئۇنىڭ ئېسىدىن قەتئىي چىقمايدۇ. ئەمما، ئۇ بۇ گەپتىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، ئىرادىسىدىن يانمايدۇ، بەلكى كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ گەپ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئۇرغۇتىدىغان، ھەممىتىنى ئاشۇرىدىغان ئاكتىپ ئېنېرگىيەگە ئايلىنىدۇ. ئۇ: «ياخشى ئوقۇپ تاغامنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئىسپاتلايمەن» دېگەننى كۆڭلىگە پۈكىدۇ.

ئەھمەد يېڭى مەدرىسەدە ناھايىتى تىرىشىپ ئوقۇيدۇ. نەتىجىدە، ئۇ مىسىرنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. «ئەقىدەتۇت

تەھاۋىيە»، «ئەھكامۇل قۇرئان»، «شەرھۇ مەئانىل ئاسار» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى كاتتا ئالىملار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇ بىر كۈنى تاغىسى ئىمام مۇزەنىينى ئەسلەپ: «تاغام ھايات بولغان بولسا ئىدى، قىلغان ئاشۇ قەسىمى ئۈچۈن كاپارەت بېرىشكە توغرا كېلەتتى» دەيدۇ.

ئۇ دەل دۇنياغا مەشھۇر بۈيۈك ئالىم ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد تاھاۋىي ئىدى.

## ھېكمەت

غايىڭىزنىڭ ۋە يولىڭىزنىڭ توغرىلىقىغا قانائەتىڭىز تولۇق بولسا، باشقىلارنىڭ گېپىنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوقتۇر. شۇڭا، ئۆزىڭىز توغرا بىلگەن يولدا مېڭىۋېرىڭ، غايىڭىزدىن ۋاز كەچمەڭ. باشقىلارنىڭ سۆزى سىزنىڭ كەلگۈسىڭىزنى بەلگىلىيەلمەيدۇ، سىزلا تىرىشسىڭىز غايىڭىزگە يېتەلەيسىز. شۇڭا، باشقىلارنىڭ سەلبىي سۆزلىرى ۋە پاسسىپ باھالىرىغا قاراپ، غايىڭىزدىن ۋاز كەچمەڭ. ئازابنى كۆچكە ئايلاندۇرۇڭ.

## 93. ھەسەتخور ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەپ بولسىمۇ ھەسەت قىلىدۇ

بىر پادىشاھنىڭ ئىككى ۋەزىرى بولۇپ، ئۇلار قەلبلىرىدىكى ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىك سەۋەبىدىن بىر - بىرىگە بەك ئۆچ ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئۇلارنى ئارىسىنى تۈزەپ قويۇش ئۈچۈن ھوزۇرىغا چاقىرتىپ، مۇنداق دەپتۇ:

– سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە مەندىن نىمە تىلىسە، ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بېرىپلا قالماي، يەنە بىرىڭلارغىمۇ ئۇنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى بېرىمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن بىرى:

– ئى پادىشاھىم! مېنىڭ بىر كۆزۈمنى قويۇۋەتكەيلا، – دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىرىنى ئىككى كۆزىدىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كۆزىنى پىدا قىلماقچى بولغان بۇ ۋەزىرگە ھەيران قاپتۇ.

كىشىلەر بىر كۈنى بىر ئەمادىن:

– كۆزىڭىز ئېچىلسۇنمۇ ياكى دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى سىزدەك ئەما بولۇپ قالسۇنمۇ؟ – دەپ سوراپتۇ. ئەما ھېچ ئىككىلەنمەيلا:

– ھەممە ئادەم ئەما بولۇپ كەتسۇن! – دەپتۇ.

### ھېكمەت

ھەسەت – باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى نازۇنېمەت ۋە خۇشاللىقنىڭ

يوق بولۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىش دېگەنلىكتۇر. ھەسەتخورلۇق ئۆچ ـ ئاداۋەتتىنمۇ ئېغىر، ئىنساننىڭ قەلبىنى زەھەرلەيدىغان ئىنتايىن قەبىھ روھىي كېسەللىكتۇر. ئۇ ـ قەلبنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىنىڭ، ئەخلاقىنىڭ يوقالغانلىقىنىڭ، ئىمانىنىڭ ئەڭ ئاجىز نۇقتىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ھەسەتخور «نېمىشقا پالانى مەندىن ئېشىپ كېتىدۇ؟» دېگەندەك نارازىلىق كەيپىياتى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىغا قارشى چىققان ئادەمدۇر.

ھەسەتخور باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەشكە رازى بولىدىغان ئەخمەقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەتخورلۇقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ھەسەتخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى، ئوت ئوتۇننى قانداق يەپ تۈگەتسە، ھەسەتمۇ ياخشى ئەمەللەرنى شۇنداق يەپ تۈگىتىدۇ»[1].

[1] سۈنەن ئەبى داۋۇد، 4903 - نومۇرلۇق ھەدىس.

# 94. ئۈمىد رېتسېپى

بىر ئەما ئۇستاز بىلەن ئەما شاگىرت ئۈچ تارلىق غىجەك چېلىپ جان باقىدىكەن. ئۇستازنىڭ يېنىدا ئەما كۆزنى ئاچىدىغان خاسىيەتلىك «رېتسېپ» بار ئىكەن. بۇ رېتسېپنى ئۇنىڭغا ئۇزۇن يىللىق ئۇستازى ھەدىيە قىلغان بولۇپ، ئۇستاز بۇ رېتسېپنى بەرگەندە:

— غىجەك چېلىپ مىڭ تال تارنى ئۈزگەندىن كېيىن، بۇ رېتسېپنى ئېچىپ كۆرسىڭىز بولىدۇ. بىر تال كەم بولسىمۇ بولمايدۇ، — دېگەن ئىكەن.

توپتوغرا 53 يىلدىن كېيىن، ئەما ئاخىر مىڭ تال تارنى ئۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولۇپ، كۆزى ساق بىرسىدىن يېنىدىكى رېتسېپنى ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇ كىشى رېتسېپنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ:

— بۇ ھېچقاندا خەت يېزىلمىغان بىر ۋاراق ئاق قەغەز ئىكەن، — دەپتۇ.

ئەما بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىردىنلا ئۇستازى ئېيتقان «مىڭ تال تار»دىكى ھېكمەتنى چۈشىنىپتۇ. ئەسلىدە، ئۇ 53 يىلدىن بېرى پەقەت مۇشۇ «ئۈمىد» ئۈچۈنلا ساز چېلىپ كەلگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەما رېتسېپنى شاگىرتىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— مەندە بىر خاسىيەتلىك «رېتسېپ» بار، كۆزۈڭنى چوقۇم ساقايتىدۇ. بىراق، سەن ساز چېلىپ مىڭ تال تارنى ئۈزگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنى ئېچىپ كۆرسەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

شاگىرتى خۇشال ھالدا بۇ خاسىيەتلىك رىتسېپنى ئېلىپ، قويىنىغا ساپتۇ.

## ھېكمەت

ئۈمىد ــ قەلبنى ياشارتىدىغان، كۆڭۈلنى شادلاندۇرىدىغان، ئىرادىنى كۈچەيتىدىغان، ئادەمنى كۆزلىگەن مەنزىلىگە يەتكۈزىدىغان سېھىرلىك كۈچتۇر. ئۈمىد ئىماننىڭ مېۋىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىمان بار قەلبتە چوقۇم ئۈمىد بولىدۇ. شۇڭا، ھەقىقىي مۆئمىن ھەر ئىشتا، ھەر ۋاقىت ئۈمىدۋار بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ خارنى ئەزىز، پېقىرنى باي، ئاجىزنى كۈچلۈك، قىيىننى ئاسان، قۇلنى ھۆر قىلىشقا قادىر ئىلىم ـ ھېكمەتلىك، چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىدۇ.

ئۈمىدۋار كىشى كېچىدە ئاسمانغا قاراپ، ئاي نۇرىنى كۆرىدۇ؛ ئۈمىدسىز كىشى ئاسمانغا قاراپ، قاراڭغۇلۇقتىن باشقىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۈمىدۋار كىشىلەر ئاللاھ تائالاغا قارىتا ھەمىشە ئىجابىي قاراشتا بولىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈمىدۋار زات ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىس قۇدسىيدا: «بەندەم ماڭا قانداق ئويدا بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلىدە بولىمەن»[1] دېگەن.

بۇنىڭ مەنىسى: ئەگەر سىز «ئاللاھ تائالا ماڭا ياردەم قىلىدۇ، تىرىشچانلىقىمنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ، ئىشلىگەنلىرىمنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىدۇ، ئەمەلىمنى قوبۇل قىلىدۇ» دەپ ئويلىسىڭىز، چوقۇم شۇنىڭغا ئېرىشىسىز، ئاللاھ تائالا سىزنى ھەرگىز نائۈمىد قويمايدۇ. ئەگەر ئەكسىچە ئويلىسىڭىز، ئىشلار

[1] سەھىھۇل بۇخارىي، 7405 - نومۇرلۇق؛ سەھىھ مۇسلىم، 2675 - نومۇرلۇق ھەدىس.

كۆپىنچە سىز ئويلىغاندەك بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم بىزگە ئۈمىدۋارلىقنىڭ ئەڭ ئۈلگىلىك قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگەن. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغلى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ، ئارىدىن 40 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشتىن ئۈمىدىنى قەتئىي ئۈزمەيدۇ. ئۇ ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ: **«ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى ماڭا كەلتۈرۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»**[1] دېيىش ئارقىلىق ئۈمىدىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ. ھەتتا ئوغۇللىرىغىمۇ: **«ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۇسۇپنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار. چۈنكى كاپىر قەۋملەردىن باشقىلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ»**[2] دەپ نەسىھەت قىلىپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەشكە ئەۋەتىدۇ. ئاخىرىدا، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تېپىلىشى بىلەن يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى گۈل ئاچىدۇ.

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى، 83 - ئايەت.

[2] يۇسۇف سۈرىسى، 87 - ئايەت.

## 95. ئېگىزدە بولسىڭىز، بوران - چاپقۇنغا تەييار تۇرۇڭ

قەدىمكى زاماندا، بىر دانا باش ۋەزىر بىر ياش يىگىتنى ئۆزىگە ئىزباسار قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن شاگىرتلىققا تاللاپتۇ. بىر كۈنى ۋەزىر شاگىرتىنى ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىغا باشلاپ چىقىپتۇ. ئۇ يەردە يالغۇز ئۆسكەن ھەيۋەتلىك بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىشقا باشلاپتۇ. تاغ ئېتىكىدىكى كىچىك دەرەخلەر شامالدا ئاسانلا ئېگىلىپ، ئۆزىنى قوغداپ قاپتۇ. ئەمما، تاغ چوققىسىدىكى چوڭ دەرەخ بوراننىڭ ئەڭ كۈچلۈك زەربىسىگە بىۋاسىتە دۇچ كېلىپ، قاتتىق تەۋرىنىپتۇ.

ۋەزىر قورقۇپ كەتكەن شاگىرتىغا نەسىھەت قىلىپ:

– ئەگەر سەن ئېگىز چوققىدىكى دەرەخ بولۇشنى (يەنى بىلىم، بايلىق ياكى مەرتىۋىدە يۇقىرىغا چىقىشنى) تاللىساڭ، ئەڭ كۈچلۈك بوران - چاپقۇنلارغا (يەنى مەسئۇلىيەت، ھەسەتخورلۇق ۋە سىناقلارغا) ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشۇڭ كېرەك. شۇڭا، سەن ئەخلاق - پەزىلەت ۋە تەمكىنلىك جەھەتتە كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم بولغىن، – دەپتۇ.

شاگىرت بۇ دەرسنى ئۆمۈر بويى ئېسىدە تۇتۇپتۇ. كېيىنچە، ئۇ باش ۋەزىر بولغاندىمۇ، دۇچ كەلگەن بارلىق قىيىنچىلىقلارنى تەمكىنلىك بىلەن يېڭىپتۇ.

### ھېكمەت

ئادەم جەمئىيەتتە قانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە دۇچ كېلىدىغان سىناقلىرىمۇ شۇنچىلىك چوڭ بولىدۇ. يۇقىرى

ئورۇندا تۇرۇش ۋە سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىش ئۈچۈن ئەخلاق ۋە ئىرادىنى مۇستەھكەملەش زۆرۈر.

ئىگىز تاغ بولسىڭىز ئۈستىڭىزگە ياغقان قاردىن ئازابلانماڭ، بەلكى سۆيۈنۈڭ. چۈنكى، ھەر نەرسىنىڭ بىر بەدىلى بولىدۇ، بوران - چاپقۇنلار ئىگىزدىكىلەرگە ئۇرۇلىدۇ، پەستىكىلەرگە كەلمەيدۇ. ئەگەر پەستە تۇرمەن دېسىڭىز، ئۇمۇ سىزنىڭ تاللىشىڭىز.

نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر، يولباشچىلار ۋە ئىسلاھاتچىلار كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆپ ئەزىيەتلىرىگە ۋە دۈشمەنلىكىگە ئۇچرايدۇ؟ چۈنكى، ئۇلار يۇكسەكتە، ئىگىزدە.

شەيخ سەئدى مۇنداق يازىدۇ:

*ئەي كۆڭۈل ئەتمە شىكايەت دەردىڭدىن،*
*ئىگىز تاغلار پەخىرلىنەر ئۈستىدىكى قاردىن.*

## 96. قىينىچىلىق يېڭىشىڭىزنى كۈتىدۇ

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئېشەك ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇيى قۇرۇپ كەتكەن بىر قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. دېھقان بارلىق ئاماللارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئېشەكنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، دېھقان ئېشەكنى چىقىرىشتىن ۋاز كېچىشنى قارار قىپتۇ. چۈنكى، ئۇ: «بۇ ئېشەك قېرىپ قالدى، بۇنچە كۈچەپ قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئەرزىمەيدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

دېھقان باشقا ئۆي ھايۋانلىرىنىڭمۇ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ قۇدۇقنى تىندۇرۇۋېتىش قارارىغا كېلىپ، قولۇم - قوشنىلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. قوشنىلار قوللىرىغا گۈرجەك ئېلىپ، قۇدۇققا توپا تاشلاشقا باشلاپتۇ. ئېشەك دەسلەپتە بىردەم قاتتىق ھاڭراپ، ئاندىن جىمىپ قاپتۇ. دېھقان قۇدۇققا قارىسا، ئېشەك ئۈستىگە تاشلانغان ھەربىر گۈرجەك توپىنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئاندىن توپا دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاتقان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئېشەك ناھايىتى تېزلا قۇدۇقتىن چىقىپتۇ.

### ھېكمەت

ئالللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **«ئەلۋەتتە ھەربىر مۇشكۈللۈك بىلەن چوقۇم بىر ئوڭايلىق بار»**[1] دەيدۇ. ھاياتلىق سەپىرىمىزدە، خۇددى مۇشۇ ئېشەككە ئوخشاش «ئازگال»لارغا چۈشۈپ كېتىشتىن، ھەر خىل ۋە ھەر تۈرلۈك «توپا»لارنىڭ ئۈستىمىزگە چۈشۈپ كېتىشىدىن

[1] شەرھ سۈرىسى: -5 ئايەت.

ساقلىنىنىشىمىز تەس. بۇنداق ئازگاللاردىن قۇتۇلۇپ چىقىشىنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئۈستىمىزدىكى «توپا»لارنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ چىقىشتۇر!

## 97. قېرىنداشلىق مېھرى

قەدىمكى زاماندا، بىر يېزىدا ئەھمەد ۋە مەمەت ئىسىملىك ئىككى ئاكا - ئۇكا ياشايدىكەن. ئۇلار ئاتىسىدىن قالغان بىر پارچە يەرنى بىرلىكتە تېرىپ، كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ئاكىسى ئەھمەد ئۆيلۈك - ئوچاقلىق، بالىچاقىلىق، ئۇكىسى مەمەت بولسا تېخى ئۆيلەنمىگەن، بويتاق بىر ياش ئىكەن. ئۇلار ھەر پەسىلدە زىرائەتلەرنى ئورۇپ بولغاندىن كېيىن، ھوسۇلنى تەڭدىن بۆلۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئامبارلىرىغا توشۇيدىكەن.

يەنە بىر يىللىق ھوسۇل ئېلىش پەسلى كەپتۇ. ئۇلار كۈندۈزى خامان ئېلىپ، بۇغدايلارنى تەڭ ئىككىگە بۆلۈپ، دۆۋىلەپ قويۇپتۇ ــ دە، چارچاپ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.

**ئۇكىسىنىڭ خىيالى**

يېرىم كېچىدە، ئۇكىسى مەمەت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئويلاپتۇ: «بۇنداق بۆلۈشۈش توغرا بولمىدى. ئاكامنىڭ بالىچاقىلىرى بار، ئائىلىسىنىڭ چىقىمى جىق. مەن بولسام يالغۇز ئادەم، ماڭا كۆپ ئاشلىقنىڭ لازىمى يوق. ئاكام خىجىل بولمىسۇن دەپ كۈندۈزى گەپ قىلالمىدىم، ياخشىسى ھازىر بېرىپ، ئۆزۈمنىڭ بۇغدايلىرىدىن ئازراق ئاكامنىڭ دۆۋىسىگە تاشلاپ قوياي».

مەمەت يېرىم كېچىدە ئاستاغىنا خامانغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ دۆۋىسىدىن بىر نەچچە تاغار بۇغداينى مۆرىسىگە ئارتىپ، ئاكىسىنىڭ دۆۋىسىگە تۆكۈپتۇ ۋە ئۆيىگە كىرىپ ئارامخۇدا ئۇخلاپتۇ.

## ئاكىسىنىڭ خىيالى

دەل شۇ چاغلاردا، ئاكىسى ئەھمەدنىڭمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ. ئۇ مۇنداق ئويلاپتۇ: «بۇنداق بۆلۈشۈش ئادىل بولمىدى. مەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ بولدۇم، خۇدا بۇيرۇسا، قېرىغاندا باقىدىغان باللىرىم بار. لېكىن، ئۇكام تېخى يالغۇز، توي قىلىشى كېرەك. تويغا پۇل كېتىدۇ، كېلەچەكتە ئۆزىگە يۆلەك بولىدىغان مال - دۇنياسى بولۇشى كېرەك. مەن ئاكىسى تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بۆلۈشسەم قانداق بولىدۇ؟»

ئەھمەدمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قاراڭغۇدا خامانغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ بۇغدايلىرىدىن بىر نەچچە تاغارنى ئېلىپ، ئۇكىسى مەمەتنىڭ دۆۋىسىگە ئاپىرىپ تۆكۈپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئاكا - ئۇكا خامانغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇغداي دۆۋىلىرىگە قاراپ، ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. چۈنكى، ئىككى تەرەپنىڭ بۇغدايلىرى تۈنۈگۈن كۈندۈزى قانداق بولسا، ئاز قالماي يەنىلا شۇ پېتى تۇرغان ئىكەن. ئۇلار بىر - بىرىگە ھېچ نەرسە دېمەپتۇ، ئەمما ئىچىدە ئۆز - ئۆزىدىن ھەيران قېلىشىپتۇ.

ئىككىنچى كېچىسىمۇ جەريان يەنە شۇنداق تەكرارلىنىپتۇ. ئاكىسى ئۇكىسىنىڭ دۆۋىسىگە، ئۇكىسى ئاكىسىنىڭ دۆۋىسىگە يېرىم كېچىدە بۇغداي توشۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندا بۇغداي دۆۋىلىرى يەنىلا ئۆزگەرمەپتۇ.

ئۈچىنچى كېچىسى، ئاي نۇرى كېچىنى يورۇتقان بىر پەيتتە، ئاكا - ئۇكا يەنە مۈرىلىرىگە بۇغداي تاغارلىرىنى ئارتىپ، يولغا چىقىپتۇ. ئىككى ئامبارنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئاي نۇرىدا بىر - بىرىنىڭ سىيماسىنى تونۇپ، توختاپ قاپتۇ.

ئۇلار مۈرىسىدىكى ئېغىر بۇغداي تاغارلىرىغا، ئاندىن بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، ھەممە ئىشنى ئېنىق چۈشىنىپ

يېتىپتۇ. نېمە ئۈچۈن بۇغدايلارنىڭ ئازايماۋاتقانلىقىنى، يېرىم كېچىدە كىمنىڭ يوشۇرۇن كېلىپ - كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتىشىپتۇ.

ئىككى ئاكا - ئۇكا قوللىرىدىكى تاغارلارنى يەرگە تاشلاپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان پېتى بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ مېھرىبانلىقى، بىر - بىرىنى ئۆزىدىن ئەۋزەل بىلىشى شۇنچىلىك ساپ ۋە گۈزەل ئىكەنكى، ئاسماندىكى ئاي ۋە يۇلتۇزلارمۇ بۇ بۈيۈك مېھىر - مۇھەببەتكە گۇۋاھ بوپتۇ.

### ھېكمەت

قېرىنداشلىق مېھرى دۇنيادىكى ئەڭ ساپ، ئەڭ سەممىي مېھرلەرنىڭ بىرىدۇر. قېرىنداش قىيىنچىلىقتا مەدەتكار، شۇ ۋرغاندا قالقان، يىقىلغاندا يۆلەنچۈكتۇر. قېرىنداش كۆيۈمچانلىقتا ئانىغا، سېخىيلىقتا دادىغا ئوخشايدۇ. ئۇنى قانداقمۇ ياخشى كۆرمەيسىز؟ ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: **«سېنى قېرىندىشىڭ بىلەن كۈچلەندۈرىمىز»**[1] دېگەنمىدى؟!

[1] قەسەس سۈرىسى، 35 - ئايەت.

## 98. باشقىلارنى خۇشال قىلىش كاتتا ئىبادەتتۇر

مەلۇم بىر دوختۇرخانىدا ئىككى بىمار ئاياللارچە داۋالىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئومۇرتقىسى زەخىملەنگەنلىكتىن ئورنىدىن تۇرالمايدىكەن. ئۇ دائىم دېرىزە يېنىدىكى كارىۋاتتا ياتقان يەنە بىر بىمارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىكەن. دېرىزە يېنىدىكى بىمار دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ، ھەمراھىغا سىرتتىكى گۈزەل مەنزىرىلەر، خۇش پۇراق گۈللەر، مەيداندا ئويناۋاتقان ئوماق بالىلار، سايراۋاتقان قۇشلار توغرۇلۇق توختىماي سۆزلەپ بېرىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى ئورنىدىن تۇرالمايدىغان بىمار كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ھۇزۇر ئىچىدە ياتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دېرىزە يېنىدىكى بىمارنىڭ ئۈنى چىقماپتۇ، ئورنىدىنمۇ تۇرماپتۇ. سېستىرالار ئالاقزەدە بولۇشۇپ، دوختۇرنى چاقىرىپتۇ. دوختۇر كىرىپ قارىسا، بىمار ئاللىبۇرۇن ۋاپات بولغان ئىكەن.

ئورنىدىن تۇرالمايدىغان بىمار دەرىزە يېنىدىكى كارىۋاتنىڭ بىكار بولغانلىقىنى كۆرۈپ، سېستىرالاردىن ئۆزىنى دېرىزە يېنىدىكى كارىۋاتقا يۆتكەپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، سېستىرالار ئۇنى دېرىزە يېنىدىكى كارىۋاتقا يۆتكەپ قويۇپتۇ. بىمار كۆڭلىدە: «ئەمدى مەنمۇ سىرتتىكى گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ ياتىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ، خۇشال بوپتۇ. ئەمما، دېرىزىدىن قارىغۇدەك بولسا، سىرتتا يوغان بىر تام بولۇپ، سىرتنى پۈتۈنلەي توسۇپ تۇرىدىكەن، دېرىزىنىڭ سىرتىدا تامدىن باشقا ھېچ نەرسە

يوق ئىكەن. بىمار بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، سېستىرالاردىن سوراپتۇ: «قېنى سىرتتىكى گۈزەل مەنزىرىلەر؟ قېنى ئۇ ئوماق بالىلار، قېنى ئۇ خۇش پۇراق گۈللەر؟ قېنى قۇشلار؟».

سېستىرالار ئاۋۋال بىمارنىڭ ئەقلىدىن گۇمانلىنىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سىرتتا ئۆزى كۆرگەن ئاشۇ تامدىن باشقا ھېچ نەرسە يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ. سېستىرالار يەنە ئۇنىڭغا ۋاپات بولغان بىمارنىڭ ئەما ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بىمار ھەيرانلىقتىن قېتىپلا قاپتۇ. ئۇ مەرھۇمنىڭ ئۆزىنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا ئاشۇ گۈزەل ھېكايىلەرنى توقۇپ سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۇنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، كۆز ياشلىرىنى توختىتالماپتۇ.

## ھېكمەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل بىر مۇسۇلماننى خۇش قىلىشتۇر»[1]. كىشىلەرنى خۇش قىلىش ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ، ئەمما ئۇنتۇلماس ياخشىلىقتۇر. ھەربىرىمىز بۇنى قىلالايمىز.

باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى خۇش قىلىشنىڭ ئۆزگىچە بىر لەززىتى بار. ئۇ لەززەتنى پەقەت خەير - ئېھسان ئىگىلىرىلا تېتىيالايدۇ. چۈنكى، ياخشىلىق قىلىش كۆڭۈلنى شادلاندۇرىدىغان، ۋىجداننى راھەتلەندۈرىدىغان، ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان گۈزەل ئەخلاقتۇر. بەرگۈچى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خۇشاللىق ــ ئۇنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن ۋاقتىدىكى خۇشاللىقىدۇر.

[1] تەبەرانى، مۇئجەمۇل ئەۋسەت، 6026 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## 99. كاللىڭىزدىكى زەھەرنى تازىلاڭ!

يېڭىدىن تۇرمۇشقا چىققان بىر كېلىن قېيىنئانىسى بىلەن قەتئىي چىقىشالماپتۇ. قېيىنئانىسىنىڭ تەلەپلىرى ۋە ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتىن زېرىكىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ قېيىنئانىسىدىن قۇتۇلۇش نىيىتىگە كېلىپ، مەھەللىدىكى بىر ھېكىمنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن قېيىنئانىسىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن زەھەر ھازىرلاپ بېرىشىنى سوراپتۇ.

ھېكىم كېلىنىنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا:

– بولىدۇ، مەن ھازىرلاپ بېرەي، ئەمما زەھەرنىڭ تەسىر قىلىشى ئۈچۈن مېنىڭ كۆرسەتكىنىم بويىچە ئىش قىلىشىڭىز شەرت، – دەپتۇ.

كېلىن ھېكىمنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھېكىم ئۇنىڭغا بىر قۇتا سۇيۇقلۇق بېرىپ، ھەر كۈنى قېيىنئانىسىنىڭ تامىقىغا بىر تامچىدىن قوشۇپ بېرىشىنى، قېيىنئانىسىغا ناھايىتى مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان بولۇشنى، تەلەپلىرىنى خۇش چىراي بىلەن جايىدا ئورۇنداشنى، ئۈچ ئاي مۇشۇنداق سەۋرچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى تەلەپ قىپتۇ.

كېلىن ھېكىمنىڭ دېگىنى بويىچە ئىنتايىن كەڭ قورساق بولۇپ، قېيىنئانىسىغا بارلىق مېھرىبانلىقىنى كۆرسىتىپتۇ. ئۈچ ئايغا قالماي، قېيىنئانىنىڭ كېلىنىگە بولغان مۇئامىلىسى تامامەن ئۆزگىرىپ، ئۇنى ئۆز قىزىدەك ياخشى كۆرىدىغان ۋە كۆيۈنىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

كېلىن بۇ ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، قېيىنئانىسىنى راستتىنلا ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى قەتئىي خالىماپتۇ. ئاندىن ھېلىقى ھېكىمنىڭ يېنىغا ئالدىراپ بېرىپ:

ــ ماڭا قېيىنئانامغا بەرگەن زەھەرنىڭ تەسىرىنى يوقىتىدىغان ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدىغان دورا بەرگەن بولسىڭىز. چۈنكى، مەن قېيىنئانامنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ــ دەپتۇ. ھېكىم كۈلۈپ كېتىپ:

ــ قىزىم! مەن سىزگە بەرگەن سۇيۇقلۇقتا ھېچقانداق زەھەر يوق ئىدى. زەھەر پەقەت سىزنىڭ كالللىڭىزدا ۋە قېيىنئانىڭىزغا قىلغان مۇئامىلىڭىزدە ئىدى. سىز ئۇنى سۆيگۈ - مۇھەببەت سۈيى بىلەن يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن، سىزدە زەھەردىن ئەسەر قالمىدى، ــ دەپتۇ.

## ھېكمەت

بىزنىڭ دۇنياغا ۋە ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرگە تۇتقان كۆزقارىشىمىز بىزنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىزلىكىمىزنى بەلگىلەيدۇ. شەيئىلەرگە ۋە ھاياتقا تۇتقان ئىجابىي قارىشىمىز ھاياتتىكى ۋەزىپىمىزنى مۇكەممەل ئادا قىلىشىمىز ئۈچۈن قەلبىمىزدە قىزغىنلىق گۈلخانلىرىنى ياقىدۇ. كىشىلەرگە ئىجابىي كۆزدە باققان ۋاقتىمىزدا، قەلبىنى مايىل قىلالايمىز، ھەتتا بىزگە دۈشمەنلىك ۋە نەپرەت كۆزى بىلەن باقىدىغانلارنىمۇ دوستتا ئايلاندۇرالايمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **«(يامانلىقتا) ئەڭ ياخشى خىسلەت بىلەن تاقابىل تۇرغىن. شۇنداق قىلساڭ، سەن بىلەن ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەممۇ گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ»**[1].

ئەتىگەندە ئىشلىرىمىزنى ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىجابىيلىق بىلەن

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى، 34 - ئايەت.

باشلىغىنىمىزدا، شۇ كۆڭلۈك مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېرىمىغا ئېرىشىپ بولغان بولىمىز.

ھايات ھەمىشە كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋەرمەيدۇ، بەزىدە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ۋە كىرىزىسلارغا دۇچ كېلىمىز. بەختسىزلىكىمىزنىڭ ئاز قىسمىغا ھادىسىلەر سەۋەب بولسا، كۆپ قىسمىغا ھادىسىلەرگە تۇتقان كۆزقارىشىمىز سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر قىيىنچىلىقلار ۋە كىرىزىسلارغا ئىجابىي قارىساق، نېرۋىمىز چېچىلىشتىن ساقلىنىپ، توغرا ھەل قىلىش چارىسى تاپالايمىز. شۇنداقلا، تەن ساقلىقىمىزنى قوغداپ قېلىپلا قالماي، خۇشاللىقىمىزنىمۇ ساقلاپ قالالايمىز. مەسىلەن، بېشىمىزغا كەلگەن كېلىشمەسلىك ئالدىدا خۇدىمىزنى يوقىتىپ، ئاھ ئۇرۇپ كەتمەي، «بۇنىڭدىنمۇ چوڭ خاپىلىق كەلگەن بولسا قانداق قىلار ئىدىم؟» دېگەننى ئويلىساق، نېرۋىمىز تىنچلىنىدۇ. بالاغا سەۋر قىلىش، نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئېڭىمىز ئۆسىدۇ.

مۇئمىن ئادەم بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتتىنمۇ، نېمەتتىنمۇ ئەجىر ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىننىڭ ھەر قانداق ئەھۋالدا ئىجابىي كۆزقاراشتا بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «مۆمىننىڭ ئىشى ئاجايىپ! ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ئۆزى ئۈچۈن خەيرلىكتۇر: ئۇ بىرەر خۇشاللىق يەتسە، شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خەيرلىك بولىدۇ؛ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك (قىيىنچىلىق) يەتسە، سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خەيرلىك بولىدۇ»[1].

بۇ زاماندا ھەربىر ئىنساننىڭ قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىدىن بىرى – تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرگە دەسلەپتىلا ئىجابىي مۇئامىلە قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشتۇر.

[1] سەھىھ مۇسلىم، 2999 - نولۇرلۇق ھەدىس.

## 100. ئارزۇلىرى كىچىكنىڭ ئېرىشىدىغىنىمۇ كىچىك بولىدۇ

قەدىمكى زاماندا، ھەممە تەرىپى ئېگىز ۋە تىك تاغلار بىلەن قورشالغان، سىرتقى دۇنيادىن ئۈزۈك بىر كەنت بار ئىكەن. بۇ كەنتنىڭ ئادەملىرى ئەجدادلىرىدىن قالغان ئازغىنە تېرىلغۇ يەرلەرگە بويىنىنى قىسىپ، كۈندىلىك قورساق غېمى بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. تاغنىڭ ئارقىسىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى، دۇنيانىڭ قانچىلىك كەڭلىكىنى ھېچبىرى بىلمەيدىكەن، بىلىشكىمۇ قىزىقمايدىكەن.

بۇ كەنتتە بىر - بىرىگە قوشنا ئۆسكەن ئىككى ياش بار بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى ئادىل، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئەركىن ئىكەن.

بىر كۈنى، كەنتكە يىراقتىن بىر مۇساپىر كېلىپ قاپتۇ. ئۇ كەنت خەلقىگە تاغنىڭ ئارقىسىدا چەكسىز كۆك دېڭىز، كەڭ تۈزلەڭلىكلەر ۋە ئاۋات شەھەرلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۇ يەرگە بارغان ئادەمنىڭ دۇنيانى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇيالايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككى ياشنىڭ كۆڭلىدە ئىككى خىل ئارزۇ تۇغۇلۇپتۇ:

ئەركىننىڭ ئارزۇسى: «مەن مۇشۇ تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ، كۆك دېڭىزنى، بىپايان تۈزلەڭلىكلەرنى، كەڭ دۇنيانى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن ۋە شۇ چەكسىز دۇنيانىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىمەن».

ئادىلنىڭ ئارزۇسى: «تاغنىڭ چوققىسى بەك ئېگىز، ئۇ يەرگە چىقىش بەك تەس. مەن پەقەت تاغ باغرىدىكى باغلارغىچە بېرىپ،

ئازراق ياۋا مېۋە تېرىپ كېلىپ، قورسىقىمنى تويغۇزسامىلا بولىدى».

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئىككى ياش يولغا چىقىپتۇ.

ئادىلنىڭ ئارزۇسى كىچىك، نىشانى يېقىن بولغاچقا، تېزلا تاغ باغرىدىكى ياۋا مېۋىلىك باغقا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە مېۋە تېرىپتۇ – دە، «ئارزۇيۇمغا يەتتىم» دەپ شۇ يەردىلا توختاپتۇ. يىراقلارغا بېرىشقا، قەدەملىرىنى چوڭراق بېسىشقا ئېھتىياج ھېس قىلماپتۇ.

ئەركىنىنىڭ ئارزۇسى بۈيۈك، نىشانى تاغ چوققىسى بولغاچقا، باغنىڭ يېنىدا توختاپ قالماستىن، چوڭ ۋە دادىل قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەپتۇ. يول بارغانچە قىيىنلىشىپتۇ، پات - پات پۇتلىشىپ يىقىلىپتۇ، پۇتلىرى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ قاناپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز دېڭىزنىڭ سىماسى تۇرغاچقا، ھەربىر قەدىمىنى تېخىمۇ مەھكەم، تېخىمۇ ئىرادىلىك بېسىپتۇ. ئارزۇسىنىڭ چوڭلۇقى ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېنېرگىيە ۋە جاسارەت بېرىپتۇ.

نەچچە كۈنلۈك جاپالىق سەپەردىن كېيىن، ئەركىن تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەقىقەتەن مۇساپىر ئېيتقاندەك، كۆز يەتكۈسىز بىپايان دېڭىز، يېپيېشىل تۈزلەڭلىكلەر ۋە ئاجايىپ گۈزەل بىر دۇنيا نامايان بوپتۇ.

كەنتتە قالغان ئادىل بولسا، ئۆمۈر بويى شۇ تاغ باغرىدىكى كىچىككىنە باغنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۆتۈپتۇ. تاغنىڭ ئارقىسىدىكى گۈزەللىكلەردىن، دۇنيانىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىخەۋەر ياشاپتۇ.

## ھېكمەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا مەككىدىن مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئون مىڭ كىشىلىك مۇشرىك قوشۇنىدىن مەدىنە شەھىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ساھابىلىرى بىلەن خەندەك كولاۋېتىپ، ساھابىلىرىگە كەلگۈسىدىكى غەلىبىدىن

بېشارەت بېرىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئاللاھ ماڭا زېمىننىڭ ھەممە تەرىپىنى يىغىنلاشتۇرۇپ كۆرسەتتى، كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قەدەر ھەممە جاينى كۆردۈم. مېنىڭ ئۈممىتىم ماڭا كۆرسىتىلگەن جايلارنىڭ ھەممىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئاللاھ ماڭا كىسرا ۋە قەيسەرنىڭ خەزىنىلىرىنى بېرىشنى ۋەدە قىلدى»[1].

كېيىنچە بۇ ئىشلار خۇددى بېشارەت بېرىلگەندەك ئەمەلگە ئاشقان. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە رىم ۋە پارس ئىمپېراتورلۇقلىرى تارمار قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ خەزىنىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. كېيىنچە مۇسۇلمانلار ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدە ئون ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى دۇنيالىق ئىشلاردىلا ئەمەس، ھەتتا ئاخىرەتلىك ئىشلاردىمۇ ئالىي ھىممەتلىك، بۈيۈك نىشانلىق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتىن (جەننەتنى) تىلىسەڭلار، فىردەۋسنى تىلەڭلار. چۈنكى، ئۇ ئەڭ ئالى جەننەتتۇر»[2].

فىردەۋس جەننىتىگە كىرىشنى تىلىگەن ئادەم چوقۇم شۇنىڭغا لايىق ئەمەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. ماڭغان ئادەم مەنزىلگە يېتىدۇ، ئەمما قەدەمنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ ماڭغان ئادەم مەنزىلگە تېزراق يېتىدۇ.

ئىنساننىڭ ئىرادىسى ۋە غەيرىتى ئۇنىڭ نىشان ۋە ئارزۇسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە باغلىق. ئارزۇسى كىچىكلەرنىڭ ئىرادىسى ۋە غەيرىتىمۇ كىچىك بولىدۇ، ئاددىي نەرسىلەرگە قانائەت قىلىدۇ؛ ئارزۇسى بۈيۈكلەرنىڭ ئىرادىسى ۋە غەيرىتىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، مۇشەققەتلەر ئالدىدا تىز پۈكمەيدۇ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يۈكسەك چوققىلارغا ئۆرلەيدۇ.

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] سەھىھۇل بۇخارىي، 2790 - نومۇرلۇق ھەدىس.

## ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە ئىېيتىلىدىغان سۆزلەر

- **بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم:** قانداقلا بىر ئىشنى باشلاش ئالدىدا ئېيتىلىدۇ. مەنىسىنى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېگەنلىك.

- **ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم:** بىرەر مۇسۇلمان بىلەن ئۇچراشقاندا دېيىلىدۇ. مەنىسى: « سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن» دېگەنلىك.

- **ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ:** سالام قىلغان كىشىگە ئېيتىلىدۇ. مەنىسى: «سىلەرگىمۇ ئاللاھنىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن» دېگەنلىك.

- **ماشائاللاھ:** خوشاللىنارلىق ياكى ھەيران قالايلىق بىر ئىشنى كۆرگەندە ئېيتىلىدۇ. مەنىسى:« ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ»دېگەنلىك.

- **ئىنشائاللاھ:** كېلىچەكتە قىلماقچى بولغان قانداقلا بىر ئىش ئۈچۈن دېيىلىدۇ. مەنىسى:« ئاللاھ خالىسا....»دېگەنلىك.

- **سۇبھانەللاھ:** بىر ئىشتىن تەئەججۈپ قىلغاندا ئېيتىلىدۇ. مەنىسى:« ئاللاھ نوقساندىن پاكتۇر»دېگەنلىك.

- **ئەلھەمدۇ لىللاھ:** ئاللاھ تائالاغا مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. مەنىسى:«ئاللاھقا شۈكۈر» دېگەنلىك.

- **ئاللاھقا ئامانەت:** ئۇزىتىشقاندا ئېيتىلىدۇ. مەنىسى:«

ئاللاھقا تاپشۇردۇم» دېگەنلىك.

- **رەھمەت، ئاللاھ رازى بولسۇن:** بىراۋدىن بىرەر ياخشىلىق كۆرگەندە ئېيتىلىدۇ.

- **ھەممىمىزدىن رازى بولسۇن:** ئالدىنقى تىلەكنى ئېيتقۇچىغا دېيىلىدۇ.

- **جەللە جەلالۇھۇ:** ئاللاھ تائالانىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندا دېيىلىدۇ. مەنىسى:«ئاللاھنىڭ شەنى ئۇلۇغدۇر»دېگەنلىك.

- **سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندا دېيىلىدۇ. مەنىسى:«ئاللاھ تائالا ئۇ زاتقا رەھمەت قىلسۇن» دېگەنلىك.

- **ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن!** بىراۋنىڭ ۋاپات خەۋرىنى ئاڭلىغاندا ئېيتىلىدۇ.

- **ئاللاھ شىپالىق بەرسۇن!** كېسەل يوقلىغاندا ئېيتىلىدۇ.

- **مۇبارەك بولسۇن!** بىرەر ئۇتۇق قازانغان ياكى يېڭى كىيىم كىيگەن بىرى ئۇچۇن ئېيتىلىدۇ.

- **ئىجازەت سوراش:** بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغاندا، ئىشىكنى سىلىق قېقىپ، ئۆي ئىگىسىدىن ئىجازەت سوراپ كىرىش.

- **كەچۈرۈڭ:** ھەققىدە بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدىن چىرايلىقچە ئەپۇ سوراپ ئېيتىلىدۇ.

- **ھېچ ۋەقەسى يوق:** بىراۋ كەچۈرۈم سورىسا، تەبەسسۇم بىلەن چىرايلىقچە دېيىلىدۇ.

- **خوش، لەببەي:** ئاتا-ئانا ياكى ئۇستاز چاقىرغاندا دېيىلىدۇ.
- **ئەلھەمدۇ لىللاھ:** چۈشكۈرگەندە دېيىلىدۇ.
- **يەرھەمۇكەللاھ يەرھەمۇكەللاھ:** چۈشكۈرۈپ، «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېگەن ئادەمگە دېيىلىدۇ. مەنىسى«ئاللاھ تائالا سىزگە رەھمەت قىلسۇن» دېگەنلىك.
- ئاللاھ قوبۇل قىلغىنى بەرمىسۇن: تاماق يېگەندە، تاماق ئەتكەن كىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
- ئاللاھ ئاسانلىق بەرسۇن: قىيىنچىلىقتا قالغان بىرىنى كۆرگەندە دېيىلىدۇ.
- بۇلاردىن باشقا يەنە بالىلارغا تۆۋەندىكىلەرنى ئۆگىتىش لازىم:
- ئۆيگە ياكى ئىشخانىغا ياكى قانداقلا ئادەم بار يەرگە كىرگەندە ياكى چىققاندا، ئۇلارغا سالام بېرىش.
- ئۆيدىكىلەردىن بىرەرسى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا بار ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولغاندا، ئىشىكنى چېكىپ، ئىجازەت سوراپ كىرىش.
- بىرەر سورۇنغا كەلگەندە ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرىۋالماسلىق، بەلكى ئۇلارنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىش.
- ئۈچ كىشى بىر يەردە ئولتۇرىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ بىرىنى قايرىپ قويۇپ، يەنە بىرى بىلەن پىچىرلاشماسلىق.
- بىر يەرگە كىرىش ياكى چىقىشتا ياشتا ياكى ئىلىمدە چوڭلارغا يول بېرىش.
- يول يۈرگەندە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا ماڭماسلىق، تاماقتا ئۇلاردىن

بۇرۇن قول ئۇزاتماسلىق.

- مەسجىدكە ياكى قانداقلا بىر سورۇنغا بارغاندا ياكى بىرەر مېھماننى كۈتۈۋېلىشقا چىققاندا، چىرايلىق كىيىنىپ چىقىش.
- مەسجىدكە كىرگەندە ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىش، چىققاندا سول پۇتى بىلەن چىقىش.
- ئۆيگە كىرگەندە ئۆيدە كىشى بولسۇن ياكى بولمىسۇن سالام قىلىپ كىرىش.
- تاماق يېيىشكە باشلىغاندا ۋە تاماقتىن كېيىن قولىنى يۇيۇش.
- تاماق يېگەندە بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم دەپ يېيىش.
- تاماقنى ئوڭ قولى بىلەن يېيىش.
- تاماقنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى نەرسىگە قول ئۇزاتماسلىق.
- باشقىلار بىلەن بىرگە تاماق يېگەندە تويغان بولسىمۇ، داستىخاندىن تۇرۇپ كەتمەسلىك، باشقىلارنىڭ يەۋېلىشىنى كۈتۈش.
- ئاغزىدا تاماق بار تۇرۇپ سۆزلىمەسلىك.
- تاماق يېگەندىن كېيىن بۇ لەززەتلىك تاماقلارنى ئاتا قىلغان ئالللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىپ دۇئا قىلىش.
- قاچىسىدىكى تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماسلىق.
- ئاتا ـ ئانىغا ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىماسلىق، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىش.
- ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇش.
- ھاجەتخانىغا كىرگەندە سول پۇتى بىلەن كىرىش ۋە ئىشتاننى تۇرۇپ كىرىش.

- ھاجەتخانىنى پاكىز تازىلىۋېتىپ، ئاندىن چىقىش ۋە ئۇلۇكنى پۈتى بىلەن چىقىش.
- ھاجەتخانىدىن چىققاندىن كېيىن قولنى سوپۇنلاپ پاكىز يۇيۇش.
- بىراۋ بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇنى تونۇسۇن ياكى تونىمىسۇن، سالام بېرىش.
- ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزمەسلىك، بىكار قالسا پايدىلىق كىتاپلارنى ئوقۇش.
- ئاپتوبۇسلاردا يېشى چوڭلارغا، ھامىلدار ياكى قۇچىقىدا بالىسى بار ئاياللارغا ئورۇن بوشۇتۇپ بېرىش.
- – ئىشىنى قىلالماي قالغان بىرىنى كۆرسە ياردەم قىلىش.

## ئەتىگەن - ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

1. اَللّٰهُ لاَ إِلَـٰهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَيَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيْمُ. (بىر قېتىم ئوقۇلىدۇ).

2. قُلْ هُوَ اللّٰهُ أَحَدٌ. اللّٰهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ.وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

3. قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ. مِن شَرِّ مَا خَلَقَ . وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ . وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ. وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

4. قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ. مَلِكِ النَّاسِ. إِلَهِ النَّاسِ. مِن شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ. الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ. مِنَ الْجِنَّةِ وَ النَّاسِ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

5. أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلّٰهِ، ئاخشاملىرى: «أَمْسَيْنَا وَأَمْسَى الْمُلْكُ لِلّٰهِ» دەپ ئوقۇلىدۇ) وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ. رَبِّ أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا فِي هٰذَا الْيَومِ وَ خَيْرَ مَا بَعْدَهُ (ئاخشاملىرى «هٰذِهِ اللَّيْلَةِ وَخَيْرَ مَا بَعْدَهَا» دەپ ئوقۇلىدۇ.) وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا فِي هٰذَا الْيَوْمِ وَ شَرِّ مَا بَعْدَهُ

(ئاخشاملىرى « هٰذِهِ اللَّيْلَةِ وَشَرِّ مَا بَعْدَهَا» دەپ ئوقۇلىدۇ) رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكَسَلِ وَسُوءِ الْكِبَرِ. رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابٍ النَّارِ وَعَذَابٍ فِي الْقَبْرِ.

6. اَللَّهُمَّ بِكَ أَصْبَحْنَا، وبِكَ أَمْسَيْنَا، وَبِكَ نَحْيَا، وبِكَ نَمُوتُ وَإِلَيْكَ النُّشُورُ (ئاخشاملىرى «وإِلَيْكَ الْمَصِيرُ» دەپ ئوقۇلىدۇ). (ئۈچ قېتىم).

7. اَللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، أَعوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَاصَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لاَيَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ.

8. اَللَّهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي (ئاخشاملىرى: «مَا أَمْسَى بِي» دەپ ئوقۇلىدۇ) مِنْ نِعْمَةٍ أو بأحَدٍ مِنْ خَلْقِكَ، فمِنْكَ وَحْدَكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ، فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشُّكْرُ، يَا رَبِّ لَكَ الْحَمْدُ كَمَا يَنْبَغِي لِجَلاَلِ وَجْهِكَ وَعَظِيْمِ سُلْطَانِكَ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

9. اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَدَنِي، اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي سَمْعِي، اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ، وَالْفَقْرِ. اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

10. حَسْبِيَ اللهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ. (يەتتە قېتىم ئوقۇلىدۇ).

11. بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اِسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ العَلِيْمُ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

12. رَضِيْتُ بِاللهِ رَبّاً، وبِالْإِسْلاَمِ دِيْناً، وَ بِنَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَبِيّاً وَرَسُولاً. (ئۈچ قېتىم).

13. سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ، وَرِضَا نَفْسِهِ، وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ. (ئۈچ قېتىم).

14. لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. (10 قېتىم ئوقۇلىدۇ).

15. أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ.

## يۇقىرىقى زىكىر ۋە دۇئالارنىڭ تەرجىمىسى

1. « بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر. ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭدۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئاللاھ بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ كۇرسى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر»[1].

2. ئېيتقىنكى، ئۇ — ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا مۇھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ»[2].

3. ‹مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ

[1] بەقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەت.
[2] ئىخلاس سۈرىسى.

شەررىدىن، سۈبهىنىڭ رەببى ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن›
دېگەن»[1].

4. ‹ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاھقا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن› دېگەن»[2].

5. «بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا تاڭ ئاتتى، (بىز كەچ قىلدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا كەچ كىردى)، پۈتۈن ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر. رەببىم! بۇ كۈننىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن، (بۇ كېچىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن)، ساڭا سىغىنىپ بۇ كۈننىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، (بۇ كېچىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن). رەببىم! ساڭا سىغىنىپ ھورۇنلۇقتىن، قېرىلىقنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. رەببىم! ساڭا سىغىنىپ دوزاختىكى ئازابتىن ۋە قەبرىدىكى ئازابتىن پاناھ تىلەيمەن»[3].

6. «ئى ئاللاھ! سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئەتىگەن تۇردۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچلىدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، تۇپلىنىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. (قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ تەرىپىڭدۇر)»[4].

---

[1] فەلەق سۈرىسى.
[2] ناس سۈرىسى.
[3] ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[4] تىرمىزى رىۋايىتى.

7. «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن باشقا مەبۇد يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، مەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مەندىن ئالغان) ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن. ساڭا سىغىنىپ ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭنى تونۇيمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن بۆلەك مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر»[1].

8. «ئى ئاللاھ! ماڭا ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە ئەتىگەندە ( ھەمدە ئاخشامدا) ئاتا قىلىنغان قانداقلا بىر نېمەت بولمىسۇن، ئۇ چوقۇم سېنىڭدىندۇر. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، ھەمدۇ سانا ۋە شۈكۈر پەقەت ساڭىلا خاستۇر. رەببىم! سېنىڭ پادىشاھلىقىڭنىڭ كاتتىلىقى ۋە مەرتىۋەڭنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق كېلىدىغان ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر»[2].

9. «ئى ئاللاھ! بەدىنىمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! كۆزۈمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! قۇلىقىمنى ساق قىلغىن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ئىلاھي مەبۇد يوقتۇر. ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ كۇپرلىقتىن ۋە پېقىرلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر»[3].

10. «ئاللاھ ماڭا كۇپايىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا يۆلەندىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشىنىڭ رەببىدۇر»[4].

11. «نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندە ھېچنەرسە

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
[3] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
[4] تەۋبە سۈرىسى 129 ـ ئايەت.

زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1].

12. «ئىگەم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدىم»[2].

13. «ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ھېسابىچە، ئەرشىنىڭ زىننەتلىرىچە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يېزىشقا يېتەرلىك سىيالارغىچە ۋە ئۆزى مەمنۇن بولغىچە ھەمدۇ ساناغا لايىقتۇر»[3].

14. «يالغۇز بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق. پادىشاھلىق، ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ئۇ ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى زاتتۇر»[4].

15. «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىمىلىرىگە سىغىنىپ مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن»[5].

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
[5] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

ـ ئۇخلاشتىن بۇرۇن: بِاسْمِكَ اَللَّهُمَّ أَمُوتُ وَأَحْيَا.

«ئى ئاللاھ! سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئۆلىمەن ۋە نامىڭ بىلەن تىرىلىمەن»[1].

ـ ئويقۇدىن تۇرغاندا: اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَحْيَانَا بَعْدَ مَا أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشُورُ.

«بىزنى ئويقۇ بىلەن ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قايتا ھايات بېغىشلىغان ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىمەن. ئاخىرى قايتىش ئۇنىڭ تەرىپىگىدۇر»[2].

ـ كىيىنگەندە: اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي كَسَانِي هَذا وَرزَقَنِيْهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ.

«ماڭا بۇ كىيىمنى كىيگۈزگەن ۋە بۇنى مېھنىتىمسىز ماڭا ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىمەن»[3].

ـ ھاجەتخانىغا كىرىشتە: اللّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبْثِ وَالْخَبَائِثِ.

«ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ ئەركەك ـ چىشى شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن»[4].

ـ ھاجەتخانىدىن چىقىشتا: غُفْرَانَك، الْحَمْدُ لله الَّذِي اَذْهَبَ عَنّي الْأَذَى

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[4] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

وَعَافَانِي.

«ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن، مەندىن زىيان - زەخمەتنى يوق قىلغان ۋە مېنى سالامەت قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن»[1].

- تاھارەت ئېلىشتا: بِسْمِ اللهِ.

«ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن»[2].

- تاھارەتتىن كېيىن: أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُه.

«يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلىقىغا، ئۇنىڭ شېرىكى يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن»[3].

- تاماقتىن بۇرۇن: اَللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيْمَا رَزَقْتَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ بِسْمِ اللَّهِ.

«ئى ئاللاھ! بىزگە ئاتا قىلغان رىزقىڭغا بەرىكەت بەرگەيسەن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغايسەن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن»[4].

- تاماقتىن كېيىن: اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنِي هٰذَا وَرَزَقَنِيْهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنّي وَلاَ قُوَّةٍ.

«جىمى ھەمدۇسانا مەن ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماستىن، مېنى بۇ تاماق بىلەن غىزالاندۇرغان ۋە ئۇنى ماڭا رىزىق قىلىپ ئاتا

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] ئىبنۇسسۇننىي رىۋايىتى.

قىلغان ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىمەن»[1].

ـ ئۆيدىن چىققىشتا: بِسْمِ اللهِ تَوَكَّلْتُ عَلَى اللهِ لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاّ بِاللهِ.

«ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم. ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ»[2].

ـ ئۆيگە كىرىشتە: بِسْمِ اللهِ وَلَجْنَا وَبِسْمِ اللهِ خَرَجْنَا، وَعَلَى اللهِ رَبِّنَا تَوَكَّلْنَا.

«ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كىردۇق، ئۇنىڭ نامى بىلەن چىقتۇق ۋە رەببىمىز ئاللاھقا تەۋەككەل قىلدۇق»[3].

ـ قاتناشقا ئولتۇرغاندا: سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِيْنَ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ.

«بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز بۇنىڭغا(چىقىشقا)قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز»[4].

ـ ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندا: اَللَّهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلاةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّداً الْوَسِيْلَةَ وَالْفَضِيْلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَاماً مَحْمُوداً الَّذِي وَعَدْتَهُ.

«ئى مۇشۇ ئۇلۇغ چاقىرىقنىڭ ۋە ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شاپائەت قىلىش پەزلىنى بەرگىن ۋە ئۇنى سەن ۋەدە قىلغان ئالىي ماقامغا ئېرىشتۈرگىن»[5].

ـ مەسجىدكە كىرگەندە: اَللّٰهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ.

«ئى ئاللاھ! ئۇلۇغ پەزلىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلىشىڭنى

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
[3] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
[4] زۇخرۇف سۈرىسى 13 ـ ئايەت.
[5] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تىلەيمەن»[1].

– مەسجىدتىن چىققاندا: **اَللَّهُمَّ اعْصِمْنِي مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ**.

«ئى ئاللاھ! مېنى قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىغىن»[2].

– ئەجەبلىنىش ۋە خوشاللىقتا: **مَاشَاءَ الله لاَ قُوَّةَ اِلاَّ بِالله**

«ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.»

– كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندا: **قَدَّرَ الله و مَاشَاءَ الله الحمد لله على كل حال**.

«ئاللاھنىڭ تەقدىرى، ئۇ خالىغىنىنى قىلىدۇ، ھەر ھالدا ئاللاھقا شۈكۈر.»

– بىرەر ياخشىلىق قىلغان كىشىگە: **جَزَاكَ اللهُ خَيْراً**.

«ئاللاھ سىزنى ياخشى مۇكاپاتلىسۇن»[3].

– قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا: **اَللَّهُمَّ لاَسَهْلَ إِلاَّ مَا جَعَلْتَهُ سَهْلًا، وَأَنْتَ تَجْعَلُ الْحَزْنَ سَهْلاً إِذَا شِئْتَ**.

«ئى ئاللاھ! سەن ئاسان قىلمىغىچە ئاسانلىق يوق، سەن خالىساڭ قىيىنچىلىقنى ئۇڭايلىققا ئۆرۈپ بېرىسەن»[4].

– سەپەرگە چىققاندا: **اَللَّهُمَّ هَوِّنْ عَلَيْنَا سَفْرَنَا هٰذا، وَاطْوِ عَنَّا بُعْدَه**،

«ئى ئاللاھ! بىزگە بۇ سەپىرىمىزنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئۇنىڭ يىراقلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇپ بەرگىن»[5].

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[4] ئىبنى ھەببان رىۋايىتى.

[5] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ــ كېسەل يوقلىغاندا: **اَسْأَلُ اللهَ الْعَظِيْمَ رَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ أَنْ يَشْفِيْكَ.**

«ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھتىن سىزگە شىپالىق تىلەيمەن»[1].

ــ تەزىيەدە: **عَظَّمَ اللهُ اَجْرَكَ.**

«ئاللاھ ئەجرىڭىزنى زىيادە قىلسۇن!»

ــ قاتتىق غەزەبلەنگەندە: **أعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ.**

«ئاللاھقا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

ــ ساھىبخانىغا دۇئا قىلغاندا: **اَللَّهُمَّ أَطْعِمْ مَنْ أَطْعَمَنِي وَأَسْقِ مَنْ سَقَانِي.**

«ئى ئاللاھ! مېنى غىزالاندۇرغاننى غىزالاندۇرغىن ۋە مېنى سۇغارغاننى سۇغارغىن»[3].

---

[1] تىرمىزى رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.